ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ساۋاتلار

تۈركىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى

جوڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

# پەيغەمبىرىم

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تۈركىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن جوڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى
مۇھەررىرلەر: پروفېسسور دوكتور مەھمەت ئەمىن ئۆزئافشار
پروفېسسور دوكتور رەجائى دوغان
تەشكىللىگۈچى: دوكتور يۈكسەل سالمان
ئورۇنلاشتۇرغۇچى: دوكتور ئۆمەر مەنەكشە
ئاپتورلار: پروفېسسور دوكتور ناھىدە بوزقۇرت (1ـ2ـ3ـ4ـباب)
دوكتور رەمزىيە يىلماز (5ـ6ـباب)
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەريەم
تەھرىر: قادىر
ISBN: 978ـ975ـ19ـ4057ـ5

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
Dini Yayınlar Genel Müdürlüğü
Üniversiteler Mah. Dumlupınar Bulvarı
No:147/A Çankaya / Ankara TÜRKİYE
تېلېفون: +90 312 295 72 93-94
فاكس: +90 312 88 72 284
ئېلخەت: diniyayinlar@diyanet. gov. tr

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

**1 ـ باب: پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى چاغ**

1. پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلگەن مۇھىت ..7
2. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى .....12
3. ياشلىق مەزگىلى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى.........................15
4. ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى ۋە پەرزەنتلىرى ...........................18
5. قۇرئان ـ كەرىمنىڭ بايانى بويىچە ۋەھىي ئېلىشتىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر. .........19

**2 ـ باب: پەيغەمبەرلىك: مەككە دەۋرى**

1. پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ..27
2. تۇنجى ئىسلام جامائىتىنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى.........................32
3. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قىلىنغان قارشىلىقلار ۋە بۇنىڭغا قارىتا قۇرئاننىڭ جاۋابى ..................................32
4. مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىشى، ئىجتىمائىي بېسىم ۋە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش................................36
5. كېچىدىكى سەپەر: ئىسرا.............41
6. مەدىنىلىكلەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئەقەبە بەيئىتى................................42
7. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش.............43

**3 ـ باب: پەيغەمبەرلىك: مەدىنە دەۋرى**

1. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىدىكى دەسلەپكى پائالىيەتلىرى. ........................55
2. مۇشرىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت. ..58
3. يەھۇدىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت...67
4. خرىستىئانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت .70
5. مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ..........72
6. ئالەمشۇمۇل چاقىرىقنىڭ ئەلچىلىرى.....75
7. ۋىدالىشىش ھەججى، ۋىدا خۇتبىسى ۋە ئالەمشۇمۇل چاقىرىقلار. ..................76
8. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ۋاپاتى. ...78

**4 ـ باب: شەخسىيتى ۋە ئۈلگە بولۇشى**

1. قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھسسالام.......85
2. ئىسلامنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۈلگە ئىكەنلىكىنى بىلىش ........................................89
3. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆرنەك ئەخلاقى. ..............................95

**5 ـ باب: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۈننىتىدىكى ئۆرنەكلەر**

1. جۆرە سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر ........ 109
2. ئاتا سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر.......... 110
3. بوۋا سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر. ........ 112
4. خوشنا سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر....... 113
5. ئورۇق ـ تۇغقان سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر.114
6. دوست ـ ئاغىينە سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر115

**6 ـ باب: مائارىپچى سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام**

1. ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلىشى .... 123
2. ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى............ 124
3. خانىم ـ قىزلارنى تەربىيلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل چىقىرىشى. ...................... 126
4. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرى. ....... 127

**تەكرارلاش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى ..... 132**

**پايدىلانغان ماتېرىياللار ............. 133**

# كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتلەرنى ئاتا قىلىپ، ئىلاھىي خىتابنى ئاڭلىغۇچى قىلىپ شەرەپلەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا بەزىبىر مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىگەن. دۇنيا ھاياتىدا ئىنساننى يالغۇز تاشلاپ قويماي، ئۇنى دىنسىزلىقنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ پارلاق نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئىلاھىي نېمەت، رەھمەت سۈپىتىدە پەيغەمبەرلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلارنى ئەۋەتكەن.

تۇنجى ئىنسان بىلەن بىرلىكتە بار بولغان دىن ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجىدۇر. دىن بىزگە پۈتكۈل ھاياتتا قانداق ياشاشنى، ياشاشنىڭ ئاخىرقى مەقسەت نىشانىنى ئۆگىتىدۇ. دۇنيا بىلەن ئاخىرەت، ئەقىل بىلەن روھنى توغرا، تەڭپۇڭ ھالەتتە چۈشىنىشىمىزگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. كۆڭلىمىزگە خاتىرجەملىك، ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. جەمئىيەتكە مېھرى-شەپقەت ۋە ئادالەت ئېلىپ كېلىدۇ. شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىپىلىرىمىزنى ئىبادەت سۈپىتىدىكى بىر مەسئۇلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، پۈتكۈل ھاياتىمىزغا يول باشلايدىغان ۋەز نەسىھەتلەر يىغىندىسى مانا بۇ دىندۇر.

ئۆزىنى، كائىناتنى ۋە ياراتقۇچىنى چۈشىنىشكە تىرىشقۇچى، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سۆيگۈ بىلەن باغلانغۇچى ئىنسان، ياراتقۇچى رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلارغا ئەگىشىپ، بەندىچىلىكنى ۋە ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ.

شۇڭا ئىنساننىڭ دىنغا بولغان ئېھتىياجىنى توغرا بولغان بىلىملەر بىلەن قاندۇرۇش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

دىنىنىڭ ئالدىنقى مەقسىدى ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي بىلىملەرنى بىز ياشاۋاتقان ھاياتىمىزنى نۇرلاندۇرىدىغان ھالەتتە داۋاملىق تەكىتلەش، ئىسلامنىڭ نۇرلۇق چاقىرىقىنى ئەقلىمىز ۋە كۆڭلىمىزدە ھەر ۋاقىت جانلىق تۇتۇش، بىلىم بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدا دىنامىك (ھەرىكەتچان) باغلىنىش ئورنىتىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، خەلقىمىزنىڭ دىنىي بىلىملەرگە بولغان ئېھتىياجىنى خۇراپاتتىن يىراق تۇرۇپ، سەھىھ (توغرا) دىنىي ئىلىم بىلەن بىلەن قاندۇرۇشنى، ئۇلارنى ئېتىقاد، ئىبادەت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى زامانىۋى ۋە ئىلمىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ "ئىسلام دىنىدىن ئاساسىي ساۋاتلار" ناملىق كۆپ قىسىملىق ئوقۇشلۇقنى تۈزۈپ چىقتى. قولۇڭلاردىكى ئۇشبۇ كىتاب بۇ كۆپ قىسىملىق ئوقۇشلۇقنىڭ 3-قىسمى "پەيغەمبىرىم" ناملىق ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەر تۈركىيەدە دىيانەت تارمىقىدا ئېچىلغان مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك پروگراممىسىغا ئاساسەن تەييارلانغان.

بۇ دەرسلىك كىتابتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى چاغلىرى، پەيغەمبەر بولۇشى، شەخسىيىتى، ئۆرنەك ئەخلاقى، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە پايدىلىق بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلەيمىز.

تىرىشچانلىق بىزدىن، مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتائالادىن.

ھۆرمەت بىلەن: تۈركىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




# 1-باب



# پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى چاغ

1. پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلگەن مۇھىت
2. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى
3. ياشلىق مەزگىلى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى
4. ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى ۋە پەرزەنتلىرى
5. قۇرئان-كەرىمنىڭ بايانى بويىچە ۋەھيى ئېلىشتىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بۇ باب ھەققىدە

بۇ باپتا ئىسلامىيەت كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبىستاندىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە دىنىي تۇرمۇش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتى ھەققىدە ئۇمۇمىي مەلۇمات بېرىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 571 ـ يىلى مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ياشلىق چېغىنى مەككىدە ئۆتكۈزگەن. پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ 13 يىلغا يېقىن ۋاقىت مەككىدە تۇرغان. كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەردە 10 يىل ياشىغان.

بۇ باپتا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىكى ھاياتى بەزى مۇھىم ۋەقەلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق بولغان كەبىدە ئادىل قازىلىق قىلغانلىقى، پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇشى قاتارلىق ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ، قۇرئان ـ كەرىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق تونۇشتۇرغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## ئۆگىنىش نىشانى

بۇ بابنى تۈگەتكەندىن كېيىن:

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ياشىغان مۇھىتنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى، مەدەنىيەت ئەھۋالى ۋە دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىسىلەر.
2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق دەۋرىنى، ساياھىتى، پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇشى، كەبىدە قازىلىق قىلىشى، تىجارەت قىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق چۈشىنىسىلەر.
3. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئايالى ھەزرىتى خەدىچە بىلەن توي قىلىشى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولىسىلەر.
4. پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىنى تونۇيسىلەر.
5. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەھيى ئېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىنى قۇرئان ـ كەرىمنىڭ قانداق بايان قىلغانلىقىنى كۆرىسىلەر.

## بۇ بابنى ئۆگەنگەندە

1. بابنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆگىنىش نىشانىغا يەتكەن يەتمىگەنلىكىڭلارنى داۋاملىق ئويلاڭلار. ئەگەر نىشانغا يېتەلمىگەن بولساڭلار، خام قالغان مەزمۇنلارنى قايتا ئوقۇپ تەكرارلاڭلار.
2. ئۆگىنىش ئۈچۈن پەقەتلا بۇ كىتاب بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماڭلار. كىتابنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنىڭ مەنبە تىزىملىكى بار. شۇ تىزىملىكتىن بەزى كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇڭلار.
3. كىتابتىكى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىنى تېپىپ كۆرۈڭلار، بىلىمىڭلارنى تولۇقلاڭلار.

# 1 پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلگەن مۇھىت

**ئويلاپ باقايلى**

پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان زامان ۋە شۇ زاماننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسلەر؟ بىلگەنلىرىڭلارنى يېزىپ بېقىڭلار.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر قەبىلىلەر ھالىتىدە ياشايتتى. قانداش ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن شەكىللەنگەن بۇ خىل قەبىلىلەر ئائىلىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىدى.

ئۇ زاماندىكى ئۆرپ-ئادەتلەر بويىچە بىر ئەر كىشى بىرلا ۋاقىتتا خالىغانچە كۆپ ئايال بىلەن توي قىلالايتتى. نىكاھلىنىش تۈرلىرىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، ئادەتتە ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان نىكاھتىن باشقا يەنە ۋاقىتلىق نىكاھ (نىكاھى مۇئتە)، جۆرىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇدىغان نىكاھ (نىكاھى بەدەل)، تويلۇق مەھرى بەرمەسلىك ئۈچۈن قىزلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان نىكاھ (نىكاھى شىغار) قاتارلىق نىكاھلىنىش تۈرلىرى بار ئىدى.

قىزلار ئادەتتە كىچىك ياشتىلا ياتلىق قىلىناتتى. ئاياللار پەقەت تۇغقاندىن كېيىنلا ئاندىن ئائىلىنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولالايتتى. شۇڭا بىر ئايال ئەگەر باللىق بولمايلا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتمايتتى. باشقىلارمۇ ئۇشبۇ ئەردىن ھال سورىمايتتى. بالا تۇغمىغان ئايال ئەگەر خۇن ھەققى تۆلىمەكچى بولسا، بۇنى ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى تۇغقانلىرى تۆلەيتتى.

ئاجرىشىش ئەۋج ئالغان بولۇپ، تالاق قىلىش ھەققى پەقەتلا ئەرنىڭ قولىدا ئىدى. لېكىن بەزى ئاياللارمۇ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولاتتى. ئاجراشقان ئايال قايتا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن بىر يىل ئىددەت تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئوغۇل بالىسى بولغانلار ماختىنىپ، پەخىرلىنەتتى. قىز بالىسى بولغانلار بولسا ئىزا تارتاتتى، خۇددى قۇرئاندا ئىپادىلەنگىنىدەك، قىزلارنى بەزىدە تىرىك كۆمەتتى. (تەكۋىر، 8-9-ئايەتلەر) بەزىدە يوقسۇللۇقتىن قورققانلار بالىلىرىنى ئۆلتۈرەتتى.

”نامراتلىقتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.“ (ئىسرا، 31-ئايەت) دېگەن ئايەت بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرسى ”بالا بېقىۋېلىش“ مەسىلىسى ئىدى. بېقىۋېلىنغۇچى بالا بېقىۋالغۇچىنىڭ باشقا پەرزەنتلىرى بىلەن ئوخشاش ھەق-ھوقۇققا ئىگە ئىدى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر شەھەرلىك ۋە سەھرالىق بەدەۋى ھالىتىدە ياشايتتى. بەدەۋىلەر چۆلدە كۆچمەن ياشاپ، سۇ، يايلاق ۋە يېمەك-ئىچمەك ئىزدەپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. شەھەرلىكلەر بولسا شەھەرلەر ۋە يېزىلاردا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى، تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى. مەيلى بەدەۋى ياكى شەھەرلىك بولسۇن، جەمئىيەتنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسى چۆلدىكى تۇرمۇشتىن شەكىللەنگەن قەبىلە گورۇھىنى ئاساس قىلاتتى.

قەبىلە ئادەتتە ئاتىسىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ نەسەبىدىن كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغانىدى. سىرتقا پۈتۈنلەي يېپىق ھالەتتىمۇ ئەمەس ئىدى. ”ھىلف“ (كېلىشىم، ئىتتىپاق)، ”جىۋار“ (رەسمىي قوغداشقا كېپىللىك قىلىش) ۋە ”ۋەلا“ (ھىمايە قىلىش) ئۇسۇلى ئارقىلىقمۇ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا بولاتتى. بىر كىشى قەبىلىسىنى تاشلاپ كەتسە ياكى قەبىلىدىن قوغلانسا، باشقا بىر قەبىلە ئەزاسىنىڭ ھىمايىسىگە كىرسە، شۇ قەبىلىنىڭ ئەزاسى ھېسابلىناتتى. بۇنداق كىشى ”ھالىف“ (كېلىشىم تۈزگۈچى، ئىتتىپاقداش) دەپ ئاتىلاتتى. رەسمىي قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىنغان كىشى ”جار“ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇرۇش ياكى ھۇجۇم نەتىجىسىدە ئەسىر ئېلىنغان ياكى سېتىۋېلىنغان قۇللار ئازاد قىلىنسا، ئازاد قىلغۇچى بىلەن ئازاد قىلىنغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى
www.uyghurkitap.com



ئارىسدا "ۋەلا" (ھىمايە قىلىش) مۇناسىۋىتى شەكىللىنەتتى. ئازاد قىلىنغان قۇل ئۆزىنى ئازاد قىلغان قەبىلىنىڭ مەۋلاسى بولاتتى. ئورغۇن جەھەتتىن ھالى، جار ۋە مەۋلا قاتارلىقلار قەبىلىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدىغان رەسمىي ئەزالىرىغا ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولاتتى.

قەبىلە يىراقتىكى ئۇغقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر جامائەت گورۇھ بولغانلىقى ئۈچۈن، كىملىك جەھەتتىمۇ بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. قەبىلىدىكى تۇغقانلار يىراق ـ يېقىنلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم جەمەت ئىسمى بىلەن چاقىرىلاتتى. مەسىلەن: بەنى ھاشىم جەمەتى، بەنى زۆھرە جەمەتى، بەنى مۇتتەلىب جەمەتى قاتارلىقلار. قەبىلە تۇرمۇشى نۇرغۇن جەھەتلەردە جەمئىيەتكە زور تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن: قەبىلىلەر ئارىسىدىكى چوڭچىلىق، ئابروي تالىششلار ئۇزۇن داۋاملاشقان دۈشمەنلىك ۋە ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، تىرىكچىلىك قىلىش جەھەتتىكى ماددى مەنپەئەت كۈرەشلىرىمۇ ئۇرۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى ئامىل بولغان ئىدى.

قەبىلە گورۇھىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئۇل ياكى ئاساس "قەبىلىۋازلىق" روھىدۇر. قەبىلىۋازلىق دېگەنلىك كىشىنىڭ ئۆز قەبىلىسىنى، يەنى دادىسى تەرىپىدىكى تۇغقانلىرىنى، ئۇمۇمەن ئۆز قەبىلىسىنى ھەق ياكى ناھەق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر دائىم قەتئىي قوغداشقا تەييار تۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

چۆلدە تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن قەبىلە ئارىسىدىكى ھەمكارلىق زۆرۈردۇر. بىر يات ئادەم قەبىلە ئىچىدىن بىرەيلەننى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن قەبىلىدىكىلەر ھەرىكەتكە ئۆتەتتى. ئىنتىقام ئېلىش قەبىلىنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداش مەسىلىسى دەپ قارىلىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا خۇن ھەققى قوبۇل قىلىنسىمۇ، ئەمما ئادەتتە قانغا قان، جانغا جان ئېلىنىدۇ. قان دەۋالىرى بەزىدە نەچچە يىل داۋاملىشىدۇ. قەبىلىنىڭ ئەزاسى بولغان ھەر كىشى شەخس ۋە جامائەت سۈپىتىدە ئۆزى تەۋە بولغان قەبىلىنىڭ شان ـ شەرىپى، مەنپەئەتىنى قوغدىشى، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىجانىدىل ئادا قىلىشى، قەبىلىسىدىكى قېرىنداشلىرىغا ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇنى قوغدىشى كېرەك. قىسقىسى، ئۆز قەبىلىسىدىكىلەر مەيلى زالىم ياكى مەزلۇم بولسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

قەبىلىلەر ئۆز ئىچىدىكى باي ياكى ئابرويلۇق كىشىلەرنى ئۆزىگە باشلىق قىلىپ سايلايتتى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلار ھۆر، قۇل ۋە مەۋالى (ئازاد قىلىنغان قۇل) دەپ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىلغان ئىدى.

ھۆر ئادەملەر قەبىلىدە ئاساسەن باراۋەر ھەق ـ ھوقۇقلارغا ئىگە شەخسلەر ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بايلار، داخانلار، شائىرلار، ئۇرۇشتا جاسارىتى بىلەن نام چىقارغان قەھرىمانلار باشقىلارغا قارىغاندا ئابرويلۇق ھېسابلانسىمۇ، ئەمما كۆچۈش، ئۇرۇشقا قاتنىشىش قاتارلىق ھەر ئىشتا ئۇلار بىر ـ بىرىدىن پەرقسىز ھالدا ئورتاق ۋە باراۋەر تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

قۇللار بولسا، ھۆر ئادەملەر ئىگە بولغان ھەق ـ ھوقۇق ۋە شان ـ شەرەپتىن مەھرۇم تەبىقە ئىدى. بۇلار بىر بولسا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەر ياكى سېتىۋېلىنغان ئادەملەر ئىدى. ئايال قۇللار "دېدەك" دەپ ئاتىلاتتى. ئەر ـ ئايال قۇللار ھەر خىل ئىشلاردا ئەمگەككە سېلىناتتى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى قۇل ـ دېدەكلەر مال ياكى ئەشيا كەبى ئېلىپ سېتىلاتتى، بىر كىشىدىن مىراس قېلىپ، يەنە بىر كىشىنىڭ قولىغا ئۆتەتتى. ھەدىيە قىلىناتتى. خوجايىن ئۆزىنىڭ قۇل ياكى دېدەكلىرىگە خالىغانچە مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمايتتى. قۇل ـ دېدەكلەر گۇناھ قىلسا، ھۆر ئادەملەرگە بېرىلگەن جازانىڭ يېرىمى بېرىلەتتى. دېدەكلەرنىڭ تۇغقان باللىرىمۇ قۇل ھېسابلىناتتى. لېكىن بۇ بالىنىڭ دادىسى ھۆر ئادەم بولسا، خالىسا بالىنى ھۆر ئادەم سۈپىتىدە نەسەبى دائىرىسىگە ئالالايتتى.

مەۋالى دېگىنىمىز مەۋلا ئاتالغۇسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى، بۇلار ھۆر ئادەملەر بىلەن قۇللار

ئارىسىدىكى ئوتتۇرا سىنىپ ياكى تەبىقە بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئازادلىقتا ئېرىشكەن قۇللار ئىدى. ھەر قانداق بىر قۇلنى ئىگىسى ئازاد قىلسا، بۇ ئازاد قۇل ئۆزىنى ئازاد قىلغۇچى ئىگىسىنىڭ مەۋلاسى بولۇپ، ئۇنىڭ قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللىنەتتى. مەۋالىنى قۇللارنى ئېلىپ ساتقاندەك ئېلىپ ساتقىلى بولمايتتى. لېكىن ھۆر ئادەملەردە بار بولغان بەزى ھەق-ھوقۇقلار مەۋالىدا يوق ئىدى. مەسىلەن: بىر مەۋلا بىر ھۆر قىز ياكى ھۆر ئايال بىلەن توي قىلالمايتتى.



**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن سىلەر ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ئارىسىدا قانداق ئوخشاشلىقلار ۋە پەرقلەر بار؟ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭلار.

### مەدەنىيەت ئەھۋالى

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تىلغا ئالغۇدەك مول مەدەنىيەت يوق ئىدى. ئەگەر مەدەنىيەت بار دېيىلسە، بۇ پەقەت چۆلدىكى كۆچمەنلىك تۇرمۇشتا بارلىققا كەلگەن تەجرىبە-ساۋاق، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىدىن ئىبارەت ئىدى. ھىجاز رايونىدىكى ئەرەبلەر ئوقۇش-يېزىشنى ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئاز ئىلگىرى شىمالدىكى خوشنىسى ناباتلىقلارنىڭ يېنىغا تىجارەت قىلىپ بارغاندا شۇلاردىن ئۆگەنگەن ئىدى. كۈنىمىزدىكى ئەرەب يېزىقى ئەسلى نابات يېزىقىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە يېزىقنىڭ كېيىن مەيدانغا كېلىشى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەسلىكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلالماي ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولمىغان. بولۇپمۇ شېئىر ۋە ئەدەبىياتتا بىر قەدەر تەرەققى قىلغان. ئىجتىمائىي تۇرمۇش بايان قىلىنغان شېئىرلار ئاساسەن قوشاق ياكى داستان شەكلىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ئوقۇلغان، ئەمما يېزىقتا خاتىرىلەنمىگەن. شېئىر ئوقۇش مۇھىم بىر پائالىيەت بولۇپ ھېسابلانغان، ھەتتا دىنىي ياكى تىجارەت يەرمەنكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسىدە "يەتتە مۇئەللەق" (مۇئەللاقاتى سەبئە) ئىگىسى دەپ تونۇلغان داڭلىق شائىرلار مەيدانغا كەلگەن.

بۇ شېئىرلاردىن ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ قايسى ساھەلەردە قانداق مەلۇمات ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ تېمىلىرى ئاساسەن مەدھىيە، قەسىدە، قەھرىمانلىق، مۇھەببەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شائىرلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ يۇقىرى بولغان.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر تارىخقىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن. ھەتتا تارىخنى خاتىرىلەپ مېڭىش ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى زېھنىدە ساقلاپ كەلگەن تارىخىي ۋەقەلەر ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ نەسەب شەجەرىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە تارىخ ئىلمى ئىككى جەھەتتە تەرەققى قىلغان. بۇنىڭ بىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەسەب شەجەرىسى خاتىرىلەش، يەنە بىرى بولسا "ئەييامۇل ئەرەب" (ئەرەب كۈنلىرى) دەپ ئاتالغان، ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققان ئۇرۇش-جەڭلەرنى بايان قىلغان تارىختۇر. بۇ تارىخ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يادلاپ ساقلانغان. بولۇپمۇ ھىجاز ۋە يەمەن رايونلىرىدا مول تارىخ ماتېرىياللىرى مەۋجۇت ئىدى. ھەر خىل دىن ۋە مەدەنىيەتكە تەۋە ئادەملەر تىجارەت، ساياھەت قاتارلىق مەقسەتلەردە ئەرەبىستانغا كېلەتتى. ئەرەبلەر ئۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخى توغرىلىقمۇ بەزى ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيتتى.

www.uyghurkitap.com



**بىلەمسىلەر؟**

ئەرەبلەر پايانسىز چۆللەردە ياشاش جەريانىدا ئاسترونومىيە (ئىلمى نۇجۇم)دىن ياخشى پايدىلانغان بولۇپ، بۇ ئىلىمنى ئۇلار كەلدانىلەر (شۇ چاغدا پەلەستىندە ياشىغانلار) ۋە بابىللىقلار (شۇ چاغدىكى ئىراق تەرەپلەردە ياشىغانلار)دىن ئۆگەنگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەرەبلەرنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە كۆچۈشىنى كۆزەتكەنلىكى، دىققەت قىلغانلىقى ھەممىيلەنگە مەلۇم. ئۇلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىن بەزىلىرىنى تونۇيتتى. ئاسترونومىيە ئۇلارغا نىسبەتەن ۋاقىتنى ھېسابلاش ئىلمى ئىدى. ئۇلار يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى ۋە ھەرىكىتىگە قاراپ، شۇ ئاساستا سەپەرگە چىقىش ۋاقتىنى بېكىتەتتى. قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئايلىنىشىنى ھېسابلاپ پەسىل ۋە كۈنلەرگە ئىسىم قوياتتى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە داخانلىق بىلەن سېھىرگەرلىك ئەۋج ئالغان ئىدى. ئەرەبلەر داخانلارنى چوڭ بىلەتتى. ئۇلار روھى كېسەللەرنى داۋالىيالايدۇ دەپ قارايتتى. قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا دەرھال داخانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار سېھىرگەرلەرنىڭ كارامىتىگە ئىشىنەتتى. سېھىرگەرلەرنىڭ ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتەلەيدىغانلىقىغا، ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە بەزى نەرسىلەرنى باشقىچە قىلىپ كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا، قورقۇتالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

**ئويلاپ باقايلى**

كۈنىمىزدىمۇ بەزى خەلقلەردە داخانلىق، سېھىرگەرلىكنىڭ گەرچە ئاز بولسىمۇ ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟ بۇ خىل سەلبىي ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟

## دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە ئاساسەن بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىك ئېتىقاد مايىللىقى بار ئىدى. ئومۇمەن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەككىدە بىنا قىلغان كەبىنى مۇقەددەس ماكان دەپ بىلەتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش جەھەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنگەن ئىدى. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئەرەبلەر تەۋھىد ئېتىقادىدىن ئۇزاقلىشىپ، بۇتقا چوقۇنىدىغان ھالەتكە كېلىشتى. بۇ ھالەت تاكى ئىسلام كەلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ئەرەبلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئۇنتۇتقاندىن كېيىن بۇتقا چوقۇنۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇچى بىر ئاللاھقىمۇ ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ كائىناتتىن تاشقىرى بولۇپ، جىمى مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا ئىدى. ئۇلۇغ كىتابىمىز قۇرئان كەرىممۇ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا ئەرەبلەرنىڭ ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە:

«(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ ئۆلۈكلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «ئاللاھ» دەيدۇ.» (يۇنۇس سۈرىسى 31 ـ ئايەت)

«ئېيتقىنكى، «زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار.)» ئۇلار: «ئاللاھنىڭ» دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند-نەسىھەت ئالمامسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟» ئۇلار «ئاللاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟ » ئېيتقىنكى، «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار.)» ئۇلار: «ئاللاھ» دەيدۇ.» (مۇئمىنۇن سۈرىسى 84 ـ 87 ـ ئايەتلەر)

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇتلار ئىنسانلارنى ئاللاھقا يەتكۈزىدىغان بىر ۋاستە ئىدى. مەسىلىگە بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ ئېتىقادىنى "مۇشرىك ئېتىقاد" دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇشرىك ئېتىقاد دېگەنلىك ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھتىن باشقا مەۋجۇداتلارنىمۇ ئىلاھ سۈپىتىدە كۆرۈش، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ قۇربانلىق قىلىش، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندا ئۇلارنىمۇ ئاللاھقا شېرىك قىلىش ئېتىقادىدۇر.

قۇرئاندا بۇ ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى ئاللاھنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ.)» (يۇسۇف سۈرىسى 106-ئايەت)

مەككىنىڭ دىنىي مەركىزى كەبىدە 360 بۇتنىڭ بار ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ بۇتلارنىڭ ئەڭ چوڭى "ھۇبەل" ئىسىملىك بۇت بولۇپ، تائىف شەھرىدە ياشايدىغان سەقىف قەبىلىسىنىڭ بۇتى "لات"، مەدىنىدىكى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بۇتى "مانات"، قۇرەيش ۋە كىنانە قەبىلىسىنىڭ بۇتى "ئۇززا" قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر بۇتلاردىن ئىدى. قۇرئان-كەرىمدە بۇ بۇتلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان:

"ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى (بولغان ماناتلار) ئاللاھتائالادەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟" (نەجم سۈرىسى 19-20-ئايەتلەر)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككە ۋادىسىدا ئايالى ھەجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كەبىنى بىنا قىلغان.

«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى.» (ئال-ئىمران سۈرىسى 96-97-ئايەت)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبە قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، رەببىگە مۇنداق يالۋۇردى:

«پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن.» (ئىبراھىم سۈرىسى 37-ئايەت)

ئاللاھتائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

«كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ.» (ھەج سۈرىسى 27-ئايەت) دەپ خىتاب قىلدى.

شۇنداق قىلىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىدىغان ھەج ئىبادىتى باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھاجىلار كەبىنى بەيتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆيى) دەپ تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھەج تاۋاپ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان تۆت ئاي، يەنى زىلقەئدە، زىلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەپ ئېيى ئىچىدە قىلىناتتى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر تەرىپىدىن كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەك ۋە قونالغۇ تەييارلاش قاتارلىق بەزى ئىشلار مۇقىم خىزمەت ھالىتىگە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**ئۆگىنەيلى**

كەبىدىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**ھىجابە ـ سىدانە:** كەبىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسى. كەبىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بۇ خىزمەتچى ساقلايدۇ. كەبە ئىشىكىنى ئېچىش، ئېتىش ۋە تاۋاپچىلارنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. دىنىي خىزمەتلەر ئىچىدە ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلانغىنى بۇ خىزمەتتۇر.

**سىقايە:** كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەرنى سۇ قاتارلىق ئىچىملىكلەر بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسى.

**رىفادە:** كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، بولۇپمۇ كەمبەغەل ھاجىلارغا يېمەكلىك بېرىش ۋەزىپىسى. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، قىيامەتتە ھېساب بېرىش، ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىنىش ياكى جازالىنىش قاتارلىقلارغا ئىشەنمەيتتى. بۇلار قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئۇلار:«ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دەيدۇ.» (ئەنئام سۈرىسى 29 ـ ئايەت)

«ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار (يەنى تىرىلدۈرۈڭلار)» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.» (جاسىيە سۈرىسى 24 ـ ئايەت)

«ئۇلار ئېيتتى: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن، چوقۇم قايتا تىرىلەمدۇق؟ ھەقىقەتەن بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدۇق، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلاردۇر.» (مۇئمىنۇن سۈرىسى 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر)

**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن زاماندىكى دىنىي مۇھىت بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشى ئوتتۇرىسىدا قانداق بىر مۇناسىۋەت بار؟ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭلار.

## 2 پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى

### دۇنياغا كېلىشى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەنى ھاشىم جەمەتىدە تۇغۇلغان، دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ دادىسى ھاشىمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئامىر بولۇپ، ھاشىم ئۆز ۋاقتىدا مەككىدىكى كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن ھاجىلارغا سۇ (سىقايە) ۋە يېمەكلىك (رىفادە) بېرىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بەزىدە تىجارەت ئۈچۈن سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا باراتتى. بىر قېتىم ئۇ سۈرىيەگە تىجارەت ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا يەسرىب (مەدىنە)دە توختاپ، بۇ يەردىكى بەنى نەججار جەمەتىدىكى

سەلما بىننى ئامىر بىلەن توي قىلدى. ئۇلار نىكاھلانغاندىن كېيىن بىر ئوغۇل پەرزەنتى دۇنياغا كەلدى. بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى شەيبە بولۇپ، ئۇنى كېيىنچە كىشىلەر ئابدۇلمۇتتەلىب (مۇتتەلىبنىڭ بەندىسى ياكى قۇلى دېگەن مەنىدە) ئاتاشتى. بۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ھاشىم سۇرىيەگە تىجارەتكە كېتىۋاتقاندا غەززەدە ۋاپات بولدى. ھاشىم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇكىسى مۇتتەلىب مەدىنىدە ئانىسى سەلما بىنتى ئامىرنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان جىيەنى شەيبەنى (يەنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى) مەككىگە ئېلىپ كەلدى. شەيبەنى باشقىلار مۇتتەلىبنىڭ قۇلى دەپ ئويلاپ ئۇنى ”ئابدۇلمۇتتەلىب“ (مۇتتەلىبنىڭ بەندىسى ياكى قۇلى) دەپ ئاتاشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ شەيبە دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئابدۇلمۇتتەلىب دېگەن ئىسىم ئالماشتى. ئابدۇلمۇتتەلىب كېيىنچە بەنى ھاشىم جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى بولدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب كەبىنىڭ يېنىدىكى زەمزەم قۇدۇقىنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان ئىزىنى تېپىپ، ئۇ يەرنى كولاپ سۇ چىقاردى. زەمزەم قۇدۇقىنى يالغۇز ئوغلى ھارىس بىلەن قېزىۋاتقاندا قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى ئۇنى بوزەك قىلدى. بۇنىڭدىن بىئارام بولغان ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ «ئەگەر ئون ئوغلۇم بولسا، ئۇلار مېنى دۈشمەنلىرىمگە قارشى قوغدىيالىسا، بىر ئوغلۇمنى ئاللاھ ئۈچۈن كەبىدە قۇربانلىق قىلىمەن!» دەپ قەسەم قىلغانلىقىنى تارىخچىلار رىۋايەت قىلىدۇ. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭغا 10 ئوغۇل بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتتەلىب قەسىمىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، قۇربانلىق قىلىدىغان ئوغلىنى بېكىتىش ئۈچۈن كەبىدە شۇ چاغدىكى ئۆرپ-ئادەتلەر بويىچە چەك تاشلىغان. چەك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى ئابدۇللاھقا چىققان. شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە، ئابدۇللاھنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا تۆگە قۇربانلىق قىلىشقا بولاتتى. ئابدۇللاھ بىلەن تۆگە ئارىسىدا چەك تاشلانغاندا چەك داۋاملىق ئابدۇللاھقا چىقىۋەردى. تاكى قۇربانلىق قىلىنىدىغان تۆگىلەرنىڭ سانى يۈزگە يەتكەندە چەك تۆگىلەرگە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھنىڭ ئورنىغا يۈز تۆگە قۇربانلىق قىلىندى.

ئابدۇلمۇتتەلىب ھاجىلارنى سۇ (سىقايە) ۋە يېمەكلىك (رىفادە) بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى قىلاتتى. قۇرئان-كەرىمدە فىل سۈرىسىدە بايان قىلىنغان پىل ۋەقەسى جەريانىدا كەبىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش مەقسىتىدە كەلگەن يەمەن ھۆكۈمدارى ئەبرەھە بىلەن كۆرۈشكەن كىشى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى.

ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھمۇ ئائىلىسىدىكى باشقىلارغا ئوخشاش پات-پات تىجارەت ئۈچۈن سۈرىيەگە بېرىپ تۇراتتى. ئابدۇللاھ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەنى زۆھرە جەمەتىدىكى ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنە بىلەن ئۆيلەندى. بۇ ئۆيلىنىشتىن بىر قانچە ئاي كېيىن تىجارەت ئۈچۈن غەززەگە سەپەرگە چىقىپ، قايتىپ كېلىۋاتقاندا مەدىنىدە دادىسىنىڭ ئانا تەرەپتىكى تاغىلىرىنىڭ يېنىدا ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دادىسى ۋاپات بولۇپ، بىر قانچە ئايدىن كېيىن 571-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى مەككىدە دۇنياغا كەلدى. ئەبرەھە كەبىنى يىقىش ئۈچۈن مەككىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنغان يىل پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان يىل ئىدى.



**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ بىلگەنلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار؟

**باللىق دەۋرى**

پەيغەمبىرىمىز دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان يېتىم بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب باقتى. ئۇ زاماندىكى ئادەتلەر بويىچە مەككىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باللىرى سەھرادىكى ساپ ھاۋادا ساغلام چوڭ بولۇشى ئۈچۈن كۆچمەن (بەدەۋى) قەبىلىلەردىن

www.uyghurkitap.com



بىرەر سۈت ئانىغا بېرىلەتتى. بۇۋاق مۇھەممەدمۇ تائىفقا يېقىن سەھرادا ياشايدىغان ھەۋازىن قەبىلىسىدىكى سەئىد بىن بەكىر جەمەتىگە مەنسۇپ ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئايالغا ئېمىتىپ بېرىش ئۈچۈن بېرىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئانىسى بىلەن بىللە مەككىگە چوڭ دادىسى ۋە ئانىسىنى كۆرگىلى كەلسىلا مەككىنىڭ ھاۋاسى ياقماي ئاغرىپ قالاتتى. ئانىسى ئامىنە ئوغلىغا سەھرا ھاۋاسىنىڭ پايدا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، سۈت ئانىنىڭ يېنىدا سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنراق قالدۇردى. تۆت بەش ياشقا كىرگۈچە سۈت ئانىسىنىڭ يېنىدا سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنراق تۇردى. تۆت بەش ياشقا كىرگۈچە سۈت ئانىسىنىڭ يېنىدا باشقا ئېمىلداش قېرىنداشلىرى بىلەن بالىلىق چاغلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاخىرى مەككىگە ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇلدى. ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئامىنە خىزمەتچىسى ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن بىللە مەدىنىگە باردى. ئامىنە ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ سەپەرنىڭ مەقسىدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان ئېرى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇ يەردىكى تۇققانلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى. ئۇلار مەدىنىدە بىر ئايغا يېقىن تۇردى. مەككىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا مەدىنىدىن 190كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەبۋا دېگەن يەرگە كەلگەندە ئامىنە ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولدى. ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ تويۇقسىز ۋاپاتىغا بەك قايغۇردى. خىزمەتچى ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن بىللە مەككىگە قايتىپ كەلدى.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى

ئۇممۇ ئەيمەن يېتىم مۇھەممەدنى چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبكە تاپشۇرۇپ بەردى. ئابدۇلمۇتتەلىب ئىككى يىلدىن كېيىن ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەككىز يېشىدا تاغىسى ئەبۇ تالىب بېقىۋالدى. ئەبۇ تالىب بۇ جىيەنىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆيۈنەتتى. ئەبۇ تالىب تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. جىيەنى ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى. تىجارەتكە ماڭغاندا بەزىدە بىللە باراتتى.

**ئىزدىنەيلى ـ ئۆگىنەيلى**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىڭلار. ئۆرنەك ۋەقەلەر سىلەردە قانداق تەسىرات پەيدا قىلدى؟ تەسىراتىڭلارنى يېزىڭلار.

# 3 ياشلىق مەزگىلى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتتە خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋىتى بار ئىدى. ھەممە كىشى ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن چېغىدا تاغىلىرى بىلەن بىللە بەنى ھاشىم جەمەتىگە ۋاكالىتەن "پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتى" (ھىلفۇل فۇدۇل) يىغىلىشىغا قاتناشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە مۇھىم ئورنى بارلىقىنى نامايەن قىلاتتى. بولۇپمۇ تاغىسى زۇبەيرنىڭ تەكلىپى بويىچە قاتناشقان ئۇ يەردىكى ئەھدىنامىگە رىئايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى، ھەتتا ئۆزىگە قىزىل تۆگىلەرنى بەرسىمۇ ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ چاغدىكى پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتى ئەھدىنامىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، بۇندىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق بىر ئەھدىلىشىشكە چاقىرىلسا، چوقۇم قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنى كىشىلەر «ئەمىن» (ئىشەنچلىك، دۇرۇس، راستچىل) دەپ بىلەتتى.

«يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.» (شۇئەرا سۈرىسى 214 ـ ئايەت) نازىل بولۇشى بىلەنلا پەيغەمبىرىمىز سەفا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ:

ـ ئەگەر مەن سىلەرگە: «شۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر دۈشمەن قوشۇنى مەككىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن كېلىپ بارگاھ قۇرۇپتۇ» دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىغاندا مۇنداق جاۋاب كەلدى:

ـ سەن ھەرگىز يالغانچىلىق قىلمايسەن. سەن ئېيتقان ھەر قانداق سۆزگە بىز ئىشىنىمىز!

(ئىبنى سائاد، «تاباقات»، 2 ـ جىلد، 200)

مەيلى ئىمان ئېيتقان ياكى ئىمان ئېيتمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە قوشۇلىدىغان بىر ئورتاق نوقتا شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچلىك، راستچىل ئىكەنلىكىگە ھەممە كىشى قايىل ئىدى. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملەردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ راستچىللىقى ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغاچقا، يىراققا سەپەرگە چىقىدىغان كىشىلەر قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا ساقلاشقا قويۇپ ماڭاتتى. تىجارەتتە پايدا تېپىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەملەرمۇ كېلىپ ئۇنى ئىزدەيتتى. چۈنكى ئۇ دۇرۇس بولغاچقا، كارۋان تاپقان پايدىدىن قىلچىلىكىنى ئېلىپ قالماي ھەممىنى كارۋاننىڭ ئىگىسىگە تولۇق دوكلات قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي قىلىشتىن ئىلگىرى خەدىچەنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى قىلىشنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئۇنىڭ راستچىللىقى، دۇرۇسلۇقى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنىڭ رول ئوينىغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ خىل سۈپەتلىرى بولغاچقا تىجارەت ئىشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغانلىقى مەلۇمدۇر.

ئۇنىڭ ئالىيجاناپ ئەخلاقى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھەممەيلەنگە ئۆرنەك كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى قەۋمى ئارىسىدا ھەجەر ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپلىشىپ قانلىق ئۇرۇش قىلماقچى بولغانلارنى پەسكويىغا چۈشۈردى. جېدەلنىڭ ئالدى ئېلىندى. ھەممە كىشى ھەرەمگە تۇنجى كىرىپ كەلگەن كىشى دەۋايىمىزنى ئايرىسۇن دەپ قارىشىپ تۇرغاندا «مۇھەممەدۇل ئەمىين»نىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. ئۇنىڭ ئىشەنچلىك، دۇرۇسلۇقى سەۋەبىدىن، ئۇ تېخى قازىلىق قىلماي تۇرۇپمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ھەر قانداق ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى جاكارلاشتى. نەتىجىدە ئۇ دەۋانى ئوتتۇقلۇق ھەل قىلدى، ئابروي ـ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆستى.



**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە ئابروي ـ ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈشىدە قايسى خىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى مۇھىم رول ئوينىغان؟

www.uyghurkitap.com



## ساياھەتلىرى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇنجى ساياھىتى ئالتە ياش چېغىدا ئانىسى بىلەن بىللە مەككىدىن مەدىنىگە بېرىشى ئىدى. مەدىنىدە دادىسىنىڭ قەبرىسىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلىغانىدى. بىراق قايتىپ كېلىدىغان چاغدا ئەبۋا دېگەن يەردە ئانىسى ۋاپات بولدى. ئانىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن مەككىگە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن كېلىپ مېھمان بولغان ئۆيىنى ئەسلىدى ـ دە، ساھابىلىرىگە: «ئانام مېنى ئاۋۇ يەردىكى ئۆيگە ئېلىپ بارغان. ئۇ يەردە دادام ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. مەن تاغام ئادىي بىن نەججارنىڭ كۆلدە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگەنتىم» دېدى.

ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ساياھىتى تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن بىللە شامغا (سۈرىيەگە) بېرىش سەپىرىدۇر. 9 ياكى 12 ياش چېغىدا چىققان سەپەردە تاغىسى ئۇنى سۈرىيەدىكى بۇسراغا ئېلىپ بارغان.

ياش ۋاقىتلىرىدا يەنە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بەھرەيىن، ھەبەشىستان، يەمەن ۋە ئىككىنچى قېتىم سۈرىيەگە بارغانلىقى مەلۇم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچىنىڭ مال كارۋىنى بىلەن يەمەن ۋە سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا تىجارەت ئۈچۈن بارغان. يەمەن تەرەپتىكى جۇراشقىچە بارغان ۋە ھىجاز ـ يەمەن يولى ئۈستىدىكى ھۇباشە سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشقان.

## پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتىگە قاتنىشىشى

پەيغەمبىرىمىز تاغىسى زۇبەيرنىڭ باشچىلىقىدا ئىلگىرى قۇرۇلغان، ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسىرى رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان ھىلفۇل فۇدۇل ئۇيۇشمىسى، يەنى «پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتى»گە ئەزا بولدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىدى باي ۋە كۈچلۈك قەبىلىلەرنىڭ باشقىلارنى بوزەك قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئادالەتنى ياقلاش، ناھەقچىلىقنى توسۇش ئىدى.

كىچىك، قېرى ـ ياش مەككىلىكلەردىن تەشكىل تاپقان بىر توپ كىشىلەر ئابدۇللاھ بىن جۇدئاننىڭ ئۆيىدىكى بىر مەرىكىدە مۇنداق قەسەم قىلىشقانىدى:

ـ ئاللاھقا قەسەم قىلىمىزكى، زالىملارنىڭ زۇلمىغا قارشى مەزلۇمغا ياردەم قىلىمىز. مەزلۇمنىڭ ھەققىنى زالىمدىن ئېلىپ بېرىمىز. بىز بۇ نىيەت، بۇ مەقسەتتە جەم بولۇپ ئۇيۇشتۇق. بىزنىڭ بۇ بىرلىششىمىز تاكى دېڭىز بىر يۇڭ پارچىسىنى ئېرىتىپ يوق قىلغۇەتكۈچە، ھىرا ۋە سەۋر تېغى زېمىندا قەد كۆتىرىپ تۇرغان مۇددەتكىچە، مېلىنى زالىملار تارتىۋالغان كىشى مېلىنى قايتۇرۇۋېلىپ ھەق ـ ئادالەت ئىچىدە ياشىيالىغۇچە داۋاملاشقۇسى! (مۇھەممەد ھەمدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 57)

پەيغەمبىرىمىز 20 ياش چېغىدا ئادالەتسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدا قاتناشقان بۇ پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتىنى كېيىنكى چاغلاردىمۇ ماختاپ تىلغا ئالغان.

**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتىگە قاتنىشىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار نېمە؟

## كەبىدە دەۋا ئايرىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى، تەخمىنەن 35 ياشلار ئەتراپىدا كەبىدىكى قارا تاش (ھەجەر ئەسۋەد)نى ئورنىغا قويۇش مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىختىلاپ، جېدەل ـ ماجرانى دانالىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنى تىنچ مۇرەسسەلەشتۈرگەن.

مەككىدە يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتىدە كەبىگە دەز كەتكەن بولۇپ، يىقىلىپ چۈشۈشكە ئازلا قالغانىدى. قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ھەر قايسى جەمەت، ئايماقلار يىغىلىپ كەبىنى رېمونت قىلىشنى قارار قىلىشتى. ھەر جەمەتنىڭ رېمونت قىلىدىغان يېرى ئايرىلدى ۋە ئىش باشلاندى. لېكىن

كەبىنى رېمونت قىلىش جەريانىدا ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاۋاپنىڭ باشلىنىش نوقتىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بەلگە قىلىپ قويغان قارا تاش ھەجەر ئەسۋەدنى يېرىگە قويۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە جېدەل چىقتى. ھەر جەمەت بۇ تاشنى ئورنىغا قويۇش شەرىپىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. جېدەل، ئىختىلاپ كۆپەيدى، ھەر قايسى تەرەپلەر بۇ شەرەپنى تالىشىپ بىر ـ بىرىگە ھۆرپەيدى. ھېچكىم بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايتتى. ئاخىرى كەبىنىڭ رېمونت ئىشلىرىمۇ بۇ جېدەل تۈپەيلى تۆت ـ بەش كۈن توختاپ قالدى. بۇ چاغدا قۇرەيشتىكى يېشى ئەڭ چوڭ كىشى بولغان ئەبۇ ئۇمەييە مۇغىرە بىر ئەقىل كۆرسەتتى، ئۇنىڭ پىكرىنى ھەممەيلەن قوبۇل قىلدى. ئۇ كۆرسەتكەن ئەقىل بويىچە، ھەرەمنىڭ ئىشىكىدىن تۇنجى بولۇپ كىرگەن كىشى بۇ دەۋانى ئايرىيدىغان قازى بولاتتى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئادەتتە ئىشەنچلىك، دۇرۇس كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كۆپچىلىك خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ قازى بولۇشىغا قوشۇلدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇ يەكتەكنى يەرگە سېلىپ قارا تاشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويدى. ھەر قايسى جەمەت، ئايماقلاردىن بىرەر كىشى ۋەكىل بولۇپ يەكتەكنىڭ ئۈچىدىن تۇتۇشۇپ بىرلىكتە كۆتىرىشتى ـ دە، تاش قويۇلىدىغان يەرگىچە ئەكەلدى. پەيغەمبىرىمىز تاشنى ئېلىپلا ئورنىغا قويدى. نەتىجىدە قۇرەيشلىكلەر بۇ ئىشتىن بەك خۇرسەن بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇش چىقىشقا ئازلا قالغان بىر جېدەل ـ ماجىرانى ئۇ ھەممەيلەننى رازى قىلغۇدەك دەرىجىدە تىنچ ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلغان بولدى.




**نۆۋەت سىلەردە**

كەبىدە دەۋا ئايرىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قايسى سۈپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؟

### تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى

تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىدا تىجارەت ساھەسىدە تەجرىبىلىك بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلىق مەزگىلىدە تىجارەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ چاغلاردا خەدىچەنىڭ تىجارەت كارۋىنىنى ئىش ھەققى ئېلىش بەدىلىگە سۈرىيەگە ئېلىپ باردى. ھەزرىتى خەدىچە قۇرەيش قەبىلىسى بەنى ئەسەد جەمەتىدىكى خۇۋەيلىد بىن ئەسەدنىڭ قىزى ئىدى. خەدىچە ئىلگىرى ئىككى قېتىم ياتلىق بولغان بولۇپ، ئىككىنچى ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇل قالغان ئىدى. ئۇ ئادەم ياللاپ سۈرىيە بىلەن يەمەنگە تىجارەت كارۋىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق تىجارەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 ياشلارغا كىرگەندە تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن خەدىچەدىن كارۋىنىدىن ئىش بېرىشنى سورىدى. خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇرۇس، ئىشەنچلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ئىش بېرىپ، سۈرىيەگە بارىدىغان بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كارۋاندا ئۆزگە ۋاكالىتەن مال سېتىپ كېلىشىنى ئېيتتى. خەدىچە ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى مەيسەرەنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۈرىيەگە بېرىپ، مەككىدىن ئېلىپ كەلگەن ماللارنى ساتتى. مەككىگە ئاپىرىدىغان ماللارنىمۇ سېتىۋالغاندىن كېيىن مەيسەرە بىلەن بىللە مەككىگە قايتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىق قىلغان كارۋاننىڭ كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىشى ۋە مەيسەرەنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خەدىچىگە ماختاپ بېرىشى خەدىچىگە تەسىر قىلغان ئىدى.

**بىلەمسىز**

ئەرەبلەردە تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتا-ئانىسىغا ئىسىم ياكى لەقەم قويۇش ئادىتى بار بولغاچقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى قاسىمنىڭ ئىسمى بىلەن نىسبەتلەشتۈرۈپ «ئەبۇلقاسىم» (قاسىمنىڭ دادىسى) دېگەن لەقەم قويۇلغان.

## 4 هەزرىتى خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى ۋە پەرزەنتلىرى

هەزرىتى خەدىچە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆيلىنىش تەكلىۋى قويدى. پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئۆيلەنگەندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە هەزرىتى خەدىچىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى قىلدى.

**نۆۋەت سىلەردە**

هەزرىتى خەدىچىنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆيلىنىشكە ئۈندىگەن ئاساسلىق ئامىللار نېمە؟

ئۇلار ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنتى دۇنياغا كەلدى. ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى قاسىم، ئابدۇللاھ؛ قىزلىرىنىڭ ئىسمى زەينەپ، رۇقىييە، ئۇممۇ گۈلسۇم ۋە فاتىمە. ئوغۇل باللىرى كىچىك بوۋاق چېغىدىلا ۋاپات بولدى. پەقەت هەزرىتى فاتىمەدىن باشقا ئۈچ قىزىمۇ پەيغەمبىرىمىز هايات ۋاقتىدا ۋاپات بولغان ئىدى.

## 5 قۇرئان-كەرىمنىڭ بايانى بويىچە ۋەھيى ئېلىشتىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي ئېلىشتىن ئىلگىرى قانداق هالەتتە ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان:

- ”...ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ قايمۇققان بىلىپ هىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى يوقسۇل بىلىپ (كىشىلەردىن) بىهاجەت قىلمىدىمۇ؟“ (زۇها سۈرىسى 6 ـ 8 ـ ئايەتلەر) بۇ ئايەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ۋەھيي نازىل بولۇشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى هاياتىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئايەتلەردۇر. بۇ يەردە بىلىشكە تېگىشلىك بىر نوقتا شۇكى، پەيغەمبىرىمىز ۋەھيي كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.
- ”ئەگەر ئاللاھ ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، ئاللاھمۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىشكە) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگىن.“ (يۇنۇس سۈرىسى 16 ـ ئايەت)

• ”...سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ.“ (شۇرا سۈرىسى 52 ـ ئايەت) بۇ ئايەتلەرمۇ ئۇ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

• ”بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ.“ (يۈسۈف سۈرىسى 3 ـ ئايەت)

• ”ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.“ (نىسا سۈرىسى 113 ـ ئايەت)

قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

• ”ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى.“ (ئەنكەبۇت سۈرىسى 48 ـ ئايەت)

قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتىنى بايان قىلغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار. بۇ ئايەتلەر ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋە پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنكى ۋاقتى ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى ئىپادىلىمىگەن. لېكىن قۇرئاندا دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلەردە ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنىڭ ماختالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەت بار.

• ”(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.“ (قەلەم سۈرىسى 4 ـ ئايەت)

• ”ئۇلارغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر مۆجىزە كەلگەن چاغدا، (ئۇلار) بىزگە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر بېرىلمىگىچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دەيدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ.“ (ئەنئام سۈرىسى 124 ـ ئايەت)

يۇقىرىقى ئىككى ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى، قابىلىيىتىنى، بولۇپمۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتىنى كۆرسىتىدۇ.

• ”ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.“ (ئال ـ ئىمران سۈرىسى 15 ـ ئايەت) بۇ ئايەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، يۇمشاق، مۇلايىم خاراكتېرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش ئۈچۈن قوپال ۋە تاش يۈرەك بولماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

• ”(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.“ (تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ مېھرىبان، شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى ياقتۇرۇپ، ئىنسانلارنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلاردىن ئازابلىنىدىغانلىقىنى، مۆمىنلەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە قايغۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.



**نۆۋەت سىلەردە**

يۇقىرىقى ئايەتلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى قانداق بايان قىلىنغان؟

## بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر قەبىلىلەر ھالىتىدە ياشايتتى. قانداش ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن شەكىللەنگەن بۇ خىل قەبىلىلەر ئائىلىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىدى.

ئۇ زاماندىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر بويىچە بىر ئەر كىشى بىرلا ۋاقىتتا خالىغانچە كۆپ ئايال بىلەن توي قىلالايتتى. قىزلار ئادەتتە كىچىك ياشتىلا ياتلىق قىلىناتتى. ئاياللار پەقەت تۇغقاندىن كېيىنلا ئاندىن ئائىلىنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولالايتتى.

ئاجرىشىش ئەۋج ئالغان بولۇپ، تالاق قىلىش ھەققى پەقەتلا ئەرنىڭ قولىدا ئىدى. لېكىن بەزى ئاياللارمۇ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولاتتى.

ئوغۇل بالىسى بولغانلار ماختىنىپ، پەخىرلىنەتتى. قىز بالىسى بولغانلار بولسا ئىزا تارتاتتى، خۇددى قۇرئاندا ئىپادە قىلىنغىنىدەك، قىزلارنى بەزىدە تىرىك كۆمەتتى. بەزىدە يوقسۇللۇقتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرەتتى.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرسى ”بالا بېقىۋېلىش“ مەسىلىسى ئىدى. بېقىۋېلىنغۇچى بالا بېقىۋالغۇچىنىڭ باشقا پەرزەنتلىرى بىلەن ئوخشاش ھەق ـ ھوقۇققا ئىگە ئىدى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلار ھۆر، قۇل ۋە مەۋالى (ئازاد قىلىنغان قۇل) دەپ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىلغان ئىدى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەدەنىيەت جەھەتتە مول مەزمۇن يوق ئىدى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە يېزىقنىڭ كېيىن مەيدانغا كېلىشى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەسلىكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلالماي ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولمىغان. بولۇپمۇ شېئىر ۋە ئەدەبىياتتا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر تارىخقىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن. ھەتتا تارىخنى خاتىرلەپ مېڭىش ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەرەبلەر پايانسىز چۆللەردە ياشاش جەريانىدا ئاسترونومىيە (ئىلمى نۇجۇم)دىن ياخشى پايدىلانغان بولۇپ، بۇ ئىلىم ئۇلارغا نىسبەتەن ۋاقىتنى ھېسابلاش ئىلمى ئىدى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە داخانلىق بىلەن سېھىرگەرلىك ئەۋج ئالغان ئىدى.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئومۇمەن بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىك ئىدى.

ئومۇمەن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەككىدە بىنا قىلغان كەبىنى مۇقەددەس ماكان دەپ بىلەتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش جەھەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنگەن ئىدى. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەرەبلەر تەۋھىد ئېتىقادىدىن ئۇزاقلىشىپ، بۇتقا چوقۇنىدىغان ھالەتكە كېلىشتى. بۇ ھالەت تاكى ئىسلام كەلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەنى ھاشىم جەمەتىدە تۇغۇلغان، دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۇتتەلىب.

پەيغەمبىرىمىز دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان يېتىم بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب باقتى. ئۇ زاماندىكى ئادەتلەر بويىچە مەككىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بالىلىرى سەھرادىكى ساپ ھاۋادا ساغلام چوڭ بولۇشى ئۈچۈن كۆچمەن (بەدەۋى) قەبىلىلەردىن بىرەر سۈت ئانىغا بېرىلەتتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ سەھرادىكى سۈت ئانىسى ھەلىمىگە بېرىلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 6 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئامىنە، خىزمەتچىسى ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن بىللە مەدىنىگە باردى.

قايتىش يولىدا ئامىنە ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولدى. ئۇممۇ ئەيمەن ئۇنى چوڭ دادىسى

www.uyghurkitap.com

بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى

ئابدۇلمۇتتەلىبكە تاپشۇرۇپ بەردى. ئابدۇلمۇتتەلىب ئىككى يىلدىن كېيىن ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى 8 يېشىدا تاغىسى ئەبۇ تالىب بېقىۋالدى. ئەبۇ تالىب بۇ جىيەنىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆيۈنەتتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتتە خەلق ئىچىدە يۈكسەك ئابروي ئىناۋىتى بار ئىدى. ھەممە كىشى ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن چېغىدا تاغىلىرى بىلەن بىللە بەنى ھاشىم جەمەتىگە ۋاكالىتەن "پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتى" (ھىلفۇل فۇدۇل) يىغىلىشىغا قاتناشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە مۇھىم ئورنى بارلىقىنى نامايەن قىلاتتى.

مەيلى ئىمان ئېيتقان ياكى ئىمان ئېيتمىغان بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ھەممە قوشۇلىدىغان بىر ئورتاق نوقتا شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچىلىك، راستچىل ئىكەنلىكىگە ھەممە كىشى قايىل ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى خەدىچىنىڭ توي قىلىش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلاندى. بۇ چاغدا ئۇ 25 ياش، خەدىچە 40 ياش ئەتراپىدا ئىدى. ئۆيلەنگەندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ھەزرىتى خەدىچىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى قىلدى. ئۇلار ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنتى دۇنياغا كەلدى.

قۇرئان-كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتىنى بايان قىلغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار. بۇ ئايەتلەر ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋە پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنكى ۋاقتى ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى ئىپادىلىمىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بۇ بابتىكى مەزمۇنلارنى ئەسلەپ باقايلى

1. پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلگەن مۇھىتتا ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر قانداق ئىدى؟
2. پەيغەمبىرىمىزنى باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەر قايسىلار؟
3. پەيغەمبىرىمىز ياش ۋاقتىدا قانداق پائالىيەتلەرگە قاتناشقان؟
4. پەيغەمبىرىمىز تىجارەت قىلغان چاغلىرىدا قانداق كىشى ئىدى؟ ئۇنىڭ ئەخلاقى ئۇنىڭ هاياتىدا قانداق بىر ئۆزگىرىش بولۇشىغا سەۋەب بولغان؟
5. قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان؟

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى "مۇئتە نىكاھى"نى كۆرسىتىدۇ؟
A) ۋاقىتلىق نىكاھ
B) جۈرىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدىغان نىكاھ
C) قىزلارنى ئالماشتۇرىدىغان نىكاھ
D) نىكاھى شىغار

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى جەمەتكە مەنسۇپ ئىدى؟
A) بەنى زۇھرە
B) بەنى ھاشىم
C) بەنى مۇتتەلىب
D) خەزرەج

3. "مۇئەللەقاتى سەبئە" نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟
A) بىر شەھەرنىڭ ئىسمى
B) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلىرى ئۈچۈن قوللىنىلغان ئاتالغۇ
C) جاھىلىيەت زامانىدا داڭلىق ئەرەب شائىرلىرى يازغان شېئىرلار ئىچىدىن تاللىنىپ كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان يەتتە مەشھۇر قەسىدە
D) بىر قەبىلىنىڭ ئىسمى

4. كەبىگە كەلگەن ھاجىلارغا سۇ بېرىش ۋەزىپىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟
A) ھىجابە
B) سىدانە
C) رىفادە
D) سىقايە

5. "ھىلفۇل فۇدۇل" نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟
A) بىر قەبىلە ئىسمى
B) شائىرلار شېئىر ئوقۇيدىغان يەر
C) پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتى
D) بىر يەرمەنكىنىڭ ئىسمى

6. "كەبە قازىلىقى" ۋەقەسىدە ئايرىش تەلەپ قىلىنغان دەۋا نېمە دەۋاسى ئىدى؟
A) كەبىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش
B) كەبىنىڭ ئەتراپىدىكى تەرتىپلەرنى ئىجرا قىلىش
C) تىجارەت ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش
D) ھەجەر ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەيغەمبىرىم



## 2-باب



# مەككە دەۋرى

1. پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى يىللىرى
2. تۇنجى ئىسلام جامائىتىنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى
3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان قارشىلىقلار ۋە بۇنىڭغا قارىتا قۇرئاننىڭ جاۋابى
4. مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىن-قىستاققا ئېلىنىشى، ئىجتىمائىي بېسىم ۋە ھەبەشىستانغا ھىجرەت ق
5. كېچە سەيرى ( ئىسرا)
6. مەدىنىلىكلەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئەقەبە بەيئەتلىرى
7. مەدىنىگە ھىجرەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## بۇ باب ھەققىدە

بۇ بابتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن مەككىدە ئۆتكەن دەسلەپكى يىللاردىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

پەيغەمبىرىمىزگە تۇنجى ۋەھيي كېلىشى، ۋەھيىنىڭ بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قېلىشى، ۋەھيىنىڭ قايتىدىن باشلىنىشى، ھەزرىتى ھەمزە ۋە ھەزرىتى ئۆمەردەك داڭلىق شەخسلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىنى بايان قىلغان بۇ بابتىكى مەزمۇنلار ھەقىقەتەن مۇھىمدۇر.

خەلق پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئاسان ئىشەنمىگەن. ھەر خىل ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنە قاتارلىقلار ئىسلامغا توسقۇنلۇق قىلغان. شۇڭا ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەر ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن. بۇ بابتا مۇشۇ مەزمۇنلار بايان قىلىنغاندىن كېيىن قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىغانلارغا ئۈمىد نۇرى بولغان ھىجرەت ماۋزۇسىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

## ئۆگىنىش نىشانى

بۇ بابنى تاماملىغاندىن كېيىن،

1. پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولىسىلەر.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققانلار، نارازى بولغانلار ۋە ئۇلارغا قارىتا قۇرئان ـ كەرىمنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئۆگىنىسىلەر.
3. دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئۇچرىغان قىيىن ـ قىستاق، زۇلۇملارنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇلارغا قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئۆگىنىسىلەر.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا مۇھىم ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان مىراج كېچىسى (ئىسرا) مۆجىزىسىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىسىلەر.
5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىدىن باشقا مەدىنىلىكلەر بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشى ۋە ئۇلار بىلەن ئەھدىلىشىشى (ئەقەبە بەيئىتى) ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىسىلەر.
6. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ۋە ئۇ يەردىكى پائالىيەتلەر ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىلەر.

## بۇ بابنى ئۆگەنگەندە

1. بابنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆگىنىش نىشانىغا يەتكەن يەتمىگەنلىكىڭلارنى داۋاملىق ئويلاڭلار. ئەگەر نىشانغا يېتەلمىگەن بولساڭلار، خام قالغان مەزمۇنلارنى قايتا ئوقۇپ تەكرارلاڭلار.
2. ئۆگىنىش ئۈچۈن پەقەتلا بۇ كىتاب بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماڭلار. كىتابنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنىڭ مەنبە تىزىملىكى بار. شۇ تىزىملىكتىن بەزى كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇڭلار.
3. كىتابتىكى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىنى تېپىپ كۆرۈڭلار، بىلىمىڭلارنى تولۇقلاڭلار.

# 1 پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى يىللىرى

### تۇنجى ۋەھيي




ۋەھيي ئاتالغۇسى قەلبكە ھەقىقەتنىڭ بىلدۈرۈلۈشى، ئىلھام قىلىش، تېز سۈرئەتتە كەلگەن بىشارەت دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇكى، بۇ يەردىكى ئىلھام ۋە بىشارەتلەر ئوچۇق-ئاشكارا كەلگەن بولماستىن، ئىنتايىن مەخپىي ھالەتتە بىلدۈرۈلگەن دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان ئوقۇمدۇر. ۋەھيي ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە خەۋەر ئەۋەتىشنى كۆرسىتىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تۇنجى ۋەھيىنى رامىزان ئېيىدا ھىرا غارىدا ئالغان. ئۇ 35 ياشتىن ئېتىبارەن ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ھىرا غارىغا ئاللاھنى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن باراتتى. مىلادى 610-يىلىنىڭ رامىزان ئېيىدا دەل 40 ياشقا كىرگەن چېغىدا يەنە ئىبادەت ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ھىرا غارىغا بارغاندا بىر پەۋقۇلئاددە ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ۋەقەنى ئۇ ئۆزى مۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ:

"ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ جىبرائىل ئىسىملىك پەرىشتە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ مېنى ئەلچى قىلىپ تاللىغانلىقىنى ماڭا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. ماڭا تاھارەت ئېلىشنى ئۆگەتتى. تاھارەت ئېلىپ تولۇق پاكلانغاندىن كېيىن مېنى ئوقۇ! دېدى. مەن ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مېنى قولىدا تۇتۇپ قاتتىق سىققاندىن كېيىن قويۇۋېتىپ يەنە ئوقۇ! دېدى. مەن يەنە ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مېنى قۇچاقلاپ چىڭ تۇتقاندىن كېيىن قويۇۋېتىپ ئوقۇغىن! دېدى، ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتسام، مېنى قولىغا ئېلىپ چىڭ

www.uyghurkitap.com



تۇتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى[1] :

”ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت) يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.“ (ئەلەق سۈرىسى 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر)

## ئويلاپ باقايلى

پەيغەمبىرىمىزگە نازىل بولغان تۇنجى ئايەتنىڭ ئوقۇش، ئىلىم ۋە قەلەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پەيغەمبىرىمىز قورقۇپ كەتتى، لاغىلداپ تىترىگەن هالدا ئۆيىگە قايتىپ ئايالى خەدىچىگە: ”مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!“ دېدى.

قورقۇنچىسى پەسىيىپ، بىر ئاز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن باياتتىن بولغان ئەھۋاللارنى خەدىچىگە بايان قىلىپ، غېمىنى ئېيتتى. خەدىچە ئۇنىڭغا مۇنداق تەسەللىي بەردى:

”سەن ھەر ۋاقىت مەرت، سېخى بولدۇڭ. ياخشىلىق قىلدىڭ. كەمبەغەل ـ موھتاجلارغا ياردەم قىلدىڭ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سېنى شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن ساقلايدۇ.“

خەدىچەنىڭ ۋەرەقە بىن نەۋفەل ئىسىملىك بىر تاغىسى بار بولۇپ، ۋەرەقە تەۋرات، ئىنجىل، يەھۇدى، خرىستىئانلارنىڭ دىنىنى بىلەتتى. خەدىچە پەيغەمبىرىمىزنى ۋەرەقەنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.

ۋەرەقە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

”سېنىڭ كۆرگىنىڭ ئاللاھ مۇسا پەيغەمبەرگە ئەۋەتكەن جىبرائىل شۇ. كاشكى، سەن قەۋمىڭنى دىنغا دەۋەت قىلىدىغان كۈنلەردە مەن ياش بولغان بولسامچۇ! كاشكى قەبىلەڭ سېنى يۇرتۇڭدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان كۈنلەردە ھايات بولغان بولسامچۇ.“ (تەبەرى، ”تارىخ“، 2 ـ جىلد، 298 ـ 299؛ ئىبنى سائاد، ”تاباقات“، 1 ـ جىلد، 195)

پەيغەمبىرىمىزگە دەسلەپ ئىمان ئېيتقان كىشى خەدىچە ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە تەرەددۇتسىز ئىشىنىپ، ئاللاھتىن ئۇنىڭغا نېمە كەلسە، ھەممىسىنى تەستىقلاپ، ھەر قانداق ئىشتا ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم قىلغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا 10 ياش ئەتراپىدا بولغان ھەزرىتى ئەلىمۇ دەسلەپتە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى. زەيد بىن ھارىسەمۇ دەسلەپكى مۆمىنلەرنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. زەيدنى خەدىچە سۈرىيەدىن كەلگەن بىر سودىگەر ئېلىپ كەلگەن بالا قۇللار ئارىسىدىن تاللىغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زەيدنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزىگە بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، ئازاد قىلىپ، پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى بالىچىلاپ بېقىۋالغانىدى. يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ پەيغەمبىرىمىزگە ئائىلىدىكىلەردىن سىرت دەسلەپتە ئىمان ئېيتقانلاردىن بولدى.

## نۆۋەت سىلەردە

پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيي كەلگەندە خەدىچە ئۇنىڭغا ئىشەندى. بۇنىڭدىن بىر ئائىلىدە ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا پىكىرلىشىش، سۆزلىشىشنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ؟

1. مۇھەممەد ھەمدۇللاھ، ”ئىسلام پەيغەمبىرى“، 1 ـ قىسىم، 80 ـ بەت.

### ۋەھىينىڭ توختاپ قېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى ۋەھيي بولغان ئەلەق سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى 5 ئايىتىنى ئالغاندىن كېيىن مەلۇم مەزگىل ۋەھيي كەلمىدى. بۇ مەزگىل ۋەھيي ئۈزۈلگەن مۇددەت مەنىسىدە ”فەترەتى ۋەھيي“ دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋەھيىنىڭ 3 يىل توختاپ قالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ۋەھيىنىڭ توختاپ قېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەيران قالدۇرۇش بىلەن بىرگە ئازابلىغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ داۋاملىق مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاقاس چۆللەردە مېڭىپ، ئېگىز تاغلارغا چىقىپ دېگۈدەك ۋەھيي پەرىشتىسىنى كۆرۈش ئۈمىدىدە يۈرگەن.

**ئويلاپ باقايلى**

تۇنجى ۋەھيي كەلگەندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن مەزگىل ۋەھيي كەلمەسلىكنىڭ قانداق مەنىسى بولۇشى مۇمكىن؟

بۇ مەزگىلدە بەزىلەر ئۇنىڭغا ”سېنى ئاللاھ تاشلىۋەتتى“ دەپ مەسخىرە قىلىشقا باشلىغانىدى. ئاخىرىدا پەيغەمبىرىمىزگە مۇنداق ۋەھيي كەلدى:

”چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى،(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق. ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن. ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟ يېتىمنى خارلىما. سائىلغا قوپاللىق قىلما. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن.“ (زۇھا سۈرىسى 1 ـ 11)

بۇ ئايەتلەردە ۋەھيىنىڭ ھەقىقەتلىكى، ئاللاھنىڭ ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى ئۇنىڭغا ئېنىق ئايان بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىنى بىلدى.

### ۋەھيىنى يېقىنلىرىغا بىلدۈرۈش ۋە دەسلەپكى مۇسۇلمانلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول.“ (مۇددەسسىر سۈرىسى 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر) نازىل بولۇشى بىلەن ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن بولدى. بۇ ئايەتلەر ئۇنى ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشقا بۇيرىغان تۇنجى ئايەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئاۋال شەخسىي دەۋەتتىن باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۆزى بىللە ياشايدىغان ئائىلە ئەزالىرىغا تەبلىغ قىلدى. مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئادەتتە بۇنىڭغا ئىشىنىشتە شۈبھە بولمىغان كىشىلەر ئارىسىدا قىلىنىۋاتقان بۇ شەخسىي دەۋەت تاكى پەيغەمبىرىمىزگە دىنني يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشلاپ تەبلىغ قىلىش توغرىلىق ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

”يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.“ (شۇئەرا سۈرىسى 214 ـ ئايەت)

بۇ بۇيرۇق ئۇنى دەسلەپتە سىرتقا ئېچىلماسلىققا ئۈندىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىشنىڭ تەسلىكىنى

www.uyghurkitap.com



بىلەتتى. شۇڭا پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىردى. بۇ زىياپەتتە ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بىر ئېغىر ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇ ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈردى. ھەتتا بىر قېتىم ئۇ يەردىكى تاغىسى ئەبۇ لەھەب ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىپ قارشى چىقتى. كۆزگە ئىلمىغان تەلەپپۇزدا: "بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرغانمىتىڭ؟" دەپ مەسخىرە قىلدى.

**نۆۋەت سىلەردە**

سىلەر ئەڭ مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدىكى كۆز ـ قاراشلىرىڭلارنى ئاۋال كىمگە ئېيتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن؟

### ۋەھيىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە بىلدۈرۈش

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى ئەمدى مەخپىي ئەمەس، بەلكى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى بارلىق جامائەتكە تارقىتىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان قۇرەيش جامائىتىنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن كەبىگە يېقىن سەفا ئېگىزلىكىگە چىقىپ، شەھەر ئاھالىسىگە خىتاب قىلدى. شەھەر خەلقى ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. پەيغەمبىرىمىز سۆزىنى مۇنداق باشلىدى:

ـ ئەگەر مەن سىلەرگە شۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا شەھەرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن كەلگەن دۈشمەن قوشۇنى بارگاھ قۇرۇپتۇ دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟

خەلق ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

ـ سەن ھازىرغىچە پەقەت يالغان گەپ قىلىپ باقمىدىڭ. سەن نېمە دېسەڭ، بىز ساڭا ئىشىنىمىز.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنداق بولسا، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر قانداق ئۇخلىغان بولساڭلار، بىر كۈنى شۇنداق ئۆلىسىلەر ۋە كېيىن ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك تىرىلىپ قىلمىشىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر. شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، ئەبەدىي جەننەت بىلەن جەھەننەم بار. ئۆلگەندىن كېيىن ياخشىلار جەننەتكە، ئەسكىلەر جەھەننەمگە كىرىدۇ. كەلگۈسىدىكى قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقا مەسئۇل بولدۇم. ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە ئىمان ئېيتقانلار ئازابتىن قۇتۇلىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلار قىيامەتتە ئېغىر جازالىنىدۇ. (ئىبنۇل ئەسىر، "ئەل ـ كامىل"، 2 ـ جىلد، 60 ـ 61)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەزگىلدە ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىلەرنى جەمئىيەتتىكى بارلىق خەلققە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، پۈتۈن كۈچىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلغان ئىدى. ئەرەبلەر ئارىسىدا ئەسلىنى يوقىتىپ قويغان تەۋھىد (ئاللاھنىڭ بىرلىكى) ئەقىدىسىنى توغرىلاش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە بۇتقا چوقۇنۇشتىن ئۇزاقلىشىش، ئاللاھقا ھۆرمەت قىلىش، پەقەتلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.

**نۆۋەت سىلەردە**

ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش جەريانىدا پەيغەمبىرىمىزنى قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان دەپ قارايسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

## ھەزرىتى ھەمزە بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى ئاشكارا تەبلىغ قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، قۇرەيشلىك مۇشرىكلار ھەر خىل ئۇسۇلدا قارشى چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىيىن كۈنلەرنىڭ باشلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتاتتى. بۇنداق قىيىن بىر مەزگىلدە باتۇر، قورقماسلىقى بىلەن نام چىقارغان ھەمزە بىلەن ئۆمەر بىن خەتتابنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى ۋە مۇسۇلمانلارغا جاسارەت بېغىشلىدى.

ھەزرىتى ھەمزە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەتلا بىر قانچە ياش چوڭ ئىدى. ھەزرىتى ھەمزە ئۆزىنىڭ جىيەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت قىلغان ئەبۇ جەھىلگە غەزەپلىنىپ، جىيەننى يالغۇز قويماي مۇسۇلمان بولغانىتى. ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشتى. مۇشرىكلار ئۇنىڭدىن ئەيمىنگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سېلىشتا بىر ئاز تارتىنىشقا باشلىدى.

ئۆمەر بىن خەتتاب قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئادىي جەمەتىدىن ئىدى. ئۇمۇ ھەمزىگە ئوخشاش قەھرىمان، باتۇرلۇقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، دەسلەپكى چاغلاردا ئىسلامغا قاتتىق قارشى چىققان ئىدى. بىر كۈنى قىلىچىنى ئېسىپ، ئۇ چاغلاردا ئەركامنىڭ ئۆيىدە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. يولدا نۇئەيم بىن ئابدۇللاھ ئۇچرىدى. نۇئەيم ئۇنىڭدىن قەيەرگە ماڭغانلىقىنى سورىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «ھېلىقى يېڭى دىن پەيدا قىلىپ، قۇرەيشنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغان، ئىلاھلارغا ھاقارەت قىلغان مۇھەممەد دېگەن ئەبلەخنى ئۆلتۈرگىلى ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەردى. نۇئەيم ئۇنىڭغا: «ئەي ئۆمەر، سەن ئۆزەڭنى ئالداۋاتىسەن. خام خىيال قىلما، سەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرسەڭ، ئابدۇمەنافنىڭ ئوغۇللىرى سېنى بوش قويۇۋېتەرمۇ؟ سەن ئاۋال ئۆزەڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى باشقۇرساڭچۇ!» دېگەچ ئۇنىڭغا سىڭلىسى فاتىمە بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆمەر غەزەپلەنگەن ھالدا دەرھال سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ چاغدا ھەبباب بىن ئەرەت ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىۋاتاتتى. ئۆمەر غەزەپ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ سىڭلىسى فاتىمە بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنى ئۇرۇشقا باشلىشى بىلەن ھەبباب بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇنىۋالدى. بۇ پەيتتە فاتىمە ئاكىسى ئۆمەرگە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، ئىماندىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر باياتتىن ئۇلار ئوقۇۋاتقان نەرسىنى ئۆزىگە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار تاھا سۈرىسى يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ كەلدى. ئۆمەر ئۇنى ئوقۇپ ياقتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا ھەببابمۇ يوشۇرۇنىۋالغان يېرىدىن چىقتى. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەركامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۆمەرنىڭ قىلىچ تۇتقان پېتى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساھابىلەر ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىشتا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىشتى. لېكىن ھەزرىتى ھەمزە: «ئەگەر ئۇ ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئايىمايمىز، ئەگەر يامان نىيەت بىلەن كەلگەن بولسا، ئۆزىنىڭ قىلىچىدا ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىپ قويىمىز» دېدى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سورىدى، ئۆمەرنىڭ ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتتى. ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەم خۇشخەۋەر ھەمدە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولدى.

### نۆۋەت سىلەردە



ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 2 تۇنجى ئىسلام جامائەتتىنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى

دەسلەپكى چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئېھتىياتچان بولۇشنى، ئىسلام توغرىسىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلەپ يۈرمەستىن، ئىشلىرىنى مەخپىي قىلىشنى تاپىلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبادەت قىلماقچى بولسا، باشقىلار كۆرمەيدىغان يىراق يەرلەرگە بېرىپ، ئەتراپقا كۆزەتچى قوياتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەبلىغ قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇنى ئېغىر تەھدىت دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى دۈشمەنلىكنى كۈچەيتتى. ئۇنىڭ تەبلىغىنى توسۇش ئۈچۈن ھەر خىل چارە ـ ئاماللارنى ئىشلىتىشكە باشلىدى: مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلدى، بەزىلىرىنى قىيىن ـ قىستاققا ئالدى، ھەتتا بەزىلەرنى ئۆلتۈرىۋەتتى. بولۇپمۇ قۇل ـ چۆرىلەر ۋە ئىگە چاقىسىز غېرىپ مۇسۇلمانلار ئېغىر زۇلۇم، قىيىن ـ قىستاققا دۇچ كەلدى.

قىيىن شارائىت ئاستىدا قالغان دەسلەپكى مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلغان ئاساستا ھاياتىنى قامداشقا تىرىشۋاتاتتى. ئىقتىسادى ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولغان مۇسۇلمانلار كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان قۇل ـ دېدەكلەرنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلدى.

## 3 پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان قارشىلىقلار ۋە بۇنىڭغا قارىتا قۇرئاننىڭ جاۋابى

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ساراڭ، سېھىرگەر، داخان ۋە شائىر دەپ قارىلاش**

ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىلەرنى ئەتراپىدىكىلەرگە يەتكۈزۈشكە باشلىشى بىلەن ھەر خىل تۆھمەت، بۆھتان، قارىلاشقا دۇچ كەلدى. ئىنكارچى كاپىرلار دەسلەپتە ئۇنى ساراڭ دەپ تۆھمەت چاپلىدى. قۇرئان ـ كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ خىل سەپسەتىلىرىگە ئۇشبۇ ئايەتلەردە رەددىيە بەردى:

”ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن. (ئەگەر سەن (مەن رەسۇلۇللاھ دېگەن سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، (پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ؟» پەرىشتىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدا (يەنى ئازاب نازىل قىلىشىمىز مۇقەررەر بولغان چاغدىلا) نازىل قىلىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئازابى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.)“ (ھىجر سۈرىسى 6 ـ 8 ـ ئايەتلەر)

”ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا ئۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ.“ (مۇئمىنۇن سۈرىسى 70 ـ ئايەت)

”(ئۇلار ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگىلار) دېيىلسە، (كەلىمە تەۋھىدتىن) تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى. ئۇلار: «ئىلاھلىرىمىزنى ھەقىقەتەن بىر مەجنۇن شائىر ئۈچۈن (يەنى ئۇنىڭ سۆزى ئۈچۈن) تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ بوھتان قىلغىنىدەك ئەمەس)، ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ھەق (دىن)نى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىدى.“ (ساففات سۈرىسى 35 ـ 37 ـ ئايەتلەر)

”كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ. سېنى «شۈبھىسىز بىر مەجنۇن» دېيىشىدۇ. قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر.“

(قەلەم سۈرىسى 50-52-ئايەتلەر)

”قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن، (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن. مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈكسىمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن. (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.“ (قەلەم سۈرىسى 1-7-ئايەتلەر)



يەنە باشقا قارىلىغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى داخان، سېھرگەر، شائىر دېيىشتى.

”(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن (مەككە كۇففارلىرىغا): «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر!» دېسەڭ، كاپىرلار چوقۇم ئېيتىدۇ: «بۇ (سۆزنى ئېچىگە ئالغان قۇرئان) پەقەت روشەن سېھىردۇر. «ئەگەر بىز ئۇلارغا نازىل بولىدىغان ئازابنى چەكلىك ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار چوقۇم (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «ئازاب نېمىشقا چۈشمەيدۇ؟» دەيدۇ، راستلا ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇلار قاچىدىغان يەر تاپالمايدۇ، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ.“

(ھۇد سۈرىسى 7-8-ئايەتلەر)

”مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن، سىلەر كۆرمەيدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ قەسەم قىلىمەن (يەنى بارلىق مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىمەن). بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھ تەرىپىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر. ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر. ئۇ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئاز ۋەز- نەسىھەت ئالىسىلەر. (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسى قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى. شەك- شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئان تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەتتۇر.“

(ھاققە سۈرىسى 38-48-ئايەتلەر)

www.uyghurkitap.com



## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقىغان ئايەتلەرنى ئىنسان ئۆزى ئىچىدىن توقۇغان دېگەن بۆھتان

ئىنكارچى كاپىرلارنىڭ ئاساسلىق تۆھمەتلىرىدىن بىرى قۇرئان ـ كەرىمنى ئادەم توقۇپ چىققان، ئۇ بىر ئادەمنىڭ گېپى دېگەن سەپسەتىسىدۇر. مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان ـ كەرىم بۇ خىل تۆھمەتلەرگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

"ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار): «بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن (يەنى ئازابقا دائىر ئايەتنى رەھمەت ئايىتىگە ئۆزگەرت، ئىلاھلىرىمىزنى سۆككەننىڭ ئورنىغا مەدھىيلە، ھارامنى ھالال قىل)» دەيدۇ. «مەن ئۇنى ئۆزەمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا ۋەھيي قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن. ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن قورقىمەن» دېگىن." (يۇنۇس سۈرىسى 15 ـ ئايەت)

"ياكى ئۇلار قۇرئاننى ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزى توقۇغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر مەندىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايسىلەر، سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولىدۇ)، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر." (ئەھقاف سۈرىسى 46\ ـ 8ئايەت)

"بۇ (كەلامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى. ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن." (مۇددەسسىر سۈرىسى 24 ـ 26 ـ ئايەتلەر)

"(كاپىرلار قۇرئان سېھىردۇر دەپلا قالماستىن) بەلكى ئۇ شائىردۇر، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسۇن» دېيىشتى. ئۇلاردىن ئىلگىرى، بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەردىن (يەنى ئاھالىسىدىن) ھېچقايىسسى ئىمان ئېيتمىغان تۇرسا، (مۆجىزىلەرنى كۆرسەتسەڭ) ئۇلار ئىمان ئېيتامدۇ؟" (ئەنبىيا سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر)

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيي قوبۇل قىلىشقا لايىق ئەمەس دەپ قارىلاش

مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيي ئېلىشقا لايىق ئەمەس دەپ تەنقىد قىلىشىغا قارشى قۇرئان ـ كەرىم شاھىت بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:.

"مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: «بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى؟ يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمىدى، يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلمىدى؟» زالىملار (يەنى كاپىرلار): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى. مۇشرىكلارنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار ئازدى، توغرا يول تاپالمايدۇ. ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا، ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە چوڭ سارايلارنى ئاتا قىلاتتى." (فۇرقان 7 ـ 10) "ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل ـ ماللىرى)دىن ياخشىدۇر." (زۇخرۇف 31 ـ 32)"ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىشىپلىپ: «ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتى» دېدى. كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىدۇ." (فۇرقان سۈرىسى 41 ـ ئايەت)

## پەيغەمبەر بولساڭ مۆجىزە كەلتۈر دېيىشى

ئىنكارچى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان چارىلەردىن بىرسى ئۇنىڭدىن پەۋقۇلئاددە مۆجىزىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى تەلەپ قىلىش بولدى. قۇرئان ـ كەرىم بۇ ھەقتە مۇنداق ئۇچۇرلارنى بەرگەن:

”ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن، ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن، ياكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز». (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن. ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ.“ (ئىسرا سۈرىسى 91 ـ 93 ـ ئايەتلەر)

”ئۇلار (يەنى ئەھلى مەككە): «نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «غەيبنى بىلىش پەقەت ئاللاھقا خاس (مۆجىزىلەرنى ئاللاھ كەلتۈرىدۇ، مەن پەقەت تەبلىغ قىلغۇچىمەن)، سىلەر (ئاللاھنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى) كۈتۈڭلار، شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن (شۇنى) كۈتكۈچىلەردىنمەن»)“ (يۇنۇس سۈرىسى 20 ـ ئايەتلەر)

”ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن. ئەگەر سەن (مەن رەسۇلۇللاھ دېگەن سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، (پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ؟» پەرىشتىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدا (يەنى ئازاب نازىل قىلىشىمىز مۇقەررەر بولغان چاغدىلا) نازىل قىلىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئازابى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ).“ (ھىجر سۈرىسى ـ 6 ـ 8 ـ ئايەتلەر)

”ئۇلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ» دېدى. ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن». بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت بار.“ (ئەنكەبۇت سۈرىسى50 ـ 51 ـ ئايەتلەر)

”(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر، بىز سەمۇدقا چىشى تۆگىنى روشەن (مۆجىزە) قىلىپ بەردۇق، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت (بەندىلەرنى) قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز.“ (ئىسرا سۈرىسى 59 ـ يەتلەر)

**نۆۋەت سىلەردە**

ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇنچىلىك قاتتىق قارشى چىقىشىنىڭ ئۇلار ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي مۇھىت بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 4 مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىن-قىستاققا ئېلىنىشى، ئىجتىمائىي بېسىم ۋە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش

رەھمەت ۋە شەپقەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشقا باشلىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا نارازى بولغانلار ۋە قارشى چىقىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ مەككىنىڭ چوڭلىرى بۇ جەھەتتە بەكلا قاتتىق قوللۇق، رەھىمسىزلىك قىلدى. قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرى پەيغەمبىرىمىزگە قارشى چىقىپ، توسقۇنلۇق ۋە جەڭ ئېلان قىلىپلا قالماستىن، مۇسۇلمانلارنى قىيىن-قىستاققا ئېلىپ، ئۇلارنى مەككىدە چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىينىدى. قۇرەيشنىڭ ئاقساقاللىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇنچە قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر زۇلۇمغا پەرۋا قىلماي دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنسىرى زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بولۇپمۇ پېقىر-يوقسۇل، ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىپ كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشكەنلىكى مەككىنىڭ چوڭلىرىنى بىئارام قىلدى. شۇڭا، قىيىن-قىستاققا ئېلىپ جازالاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىماندىن يېنىشقا زورلىدى. ئەممارنىڭ دادىسى ياسىر بىلەن ئانىسى سۇمەييە، بىلال ھەبەشى ۋە ھەبباب بىن ئەرەت قاتارلىق يوقسۇل ۋە ئىگە-چاقىسىز مۇسۇلمانلار شىددەتلىك قىيىن-قىستاققا ئۇچرىدى.

بۇ مەزگىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئېغىر زۇلۇم ۋە بېسىمغا ئۇچرىدى. ئۇ دەسلەپتە ئىسلامنى تەبلىغ قىلغاندا ياش ساھابە ئەرقامنىڭ ئۆيىنى دەرس ئۆگىتىدىغان ماكان قىلىپ تاللىغان ئىدى. ئەرقامنىڭ ئۆيى (دارۇل ئەرقام) كەبىگە يېقىن سەفا ئېگىزلىكىنىڭ باغرىدا بولغاچقا، سىرتتىن ھەج قىلغىلى كەلگەنلەر بىلەن مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان ئاساستا بىخەتەر كۆرۈشكىلى بولىدىغان ئەپلىك يەردە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى مۇسۇلمانلار بىلەن بۇ يەردە كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆگەتتى، ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىراتتى، مۆمىنلەر بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى.

مەككىلىك مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن چارە-ئاماللار كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنى قوغداپ ھىمايە قىلىۋاتقان تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئەبۇ تالىبقا: «سېنىڭ جىيەنىڭ ئىلاھلىرىمىزغا ھاقارەت قىلدى، دىنىمىزغا تۆھمەت قىلدى، بىزنىڭ دۆت ئىكەنلىكىمىزنى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خاتا يولدا ماڭغانلىقىنى ئېيتتى. ھازىر سەن يا ئۇنى بۇ قىلمىشتىن توسقىن، ياكى بولمىسا، ئۇنى ھىمايە قىلىشتىن ۋاز كەچكىن» دەپ بېسىم قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىب جىيەنىنى چاقىرىپ قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزدى. دەۋاسىدىن ۋاز كېچىشنى، ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ھەل قىلالمايدىغان دەرىجىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا جاۋابەن:

«تاغا، سەنمۇ مەندىن ئادا-جۇدا بولۇشنى ئويلاۋاتامسەن؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان ئۇلۇغ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئىلاھىي دىنىنىڭ تەبلىغىنى توختىتىشىم بەدىلىگە ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزۇپ قويسىمۇ، سەن مېنى تاشلىۋەتسەڭمۇ، مۇشرىكلارنىڭ دېگىنىنى قىلمايمەن!» تاغىسىنىڭ يېنىدىن يىراققا كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ تالىب ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جىيەنىنى قوغداشتىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇشرىكلارنىڭ ئەلچىلىرىنى يولغا سالدى.

(ئىبنۇل ئەسىر، «ئەل-كامىل»، 2-جىلد، 63-64)

**ئويلاپ باقايلى**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىغا بەرگەن جاۋابى ئۇنىڭ قايسى خىل ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ؟

مۇشرىكلار ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىدىن كۈتكىنىدەك جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن بىۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەزى ئىشلارنى تەكلىپ قىلدى. ئۇتبە بىن رەبىئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

«مۇھەممەد، بىز سېنى ئەزەلدىن ئەقىللىق، ياخشى ۋە كۆڭلىمىز يېقىن ئادىمىمىز دەپ قاراپ كەلدۇق. سېنىڭ ھېچقانداق بىر كىشىگە يامانلىق قىلغىنىڭنى كۆرمىدۇق. شەھەر خەلقىگە غەيب خەۋەرلىرى دەپ تەبلىغ قىلغان نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك كىشىنى ئازدۇرغانلىقى، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغانلىقىنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. ماڭا راست گېپىڭنى قىلغىن، سېنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشتىكى مەقسىدىڭ زادى نېمە؟ پۇل تېپىپ باي بولغۇڭ بارمۇ؟ ساڭا ھۆددە قىلىمەنكى، سەن قانچىلىك پۇل ـ مال دېسەڭ بىز شۇنچىلىك پۇلنى شەھىرىمىزدە ساڭا يىغىپ بېرەيلى. ياكى بولمىسا، توي قىلغۇڭ بارمۇ؟ ساڭا شەھىرىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل ئايالنى ئېلىپ بېرەيلى. سەن خالىغان قىز ياكى ئايالنى تاللىۋالغىن. خاتىرجەم بولغىنكى، سېنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىشنى نىيەت قىلدۇق. ياكى بولسا، سېنىڭ بىزگە باشلىق بولغۇڭ بارمۇ؟ بۇنداقتىمۇ چاتاق يوق، سېنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلىپ سايلايلى. لېكىن پەقەت بىرلا شەرتىمىز بار: سەن بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا تىل ئۇزاتمىغىن. دىنىي ئېتىقادىمىزنى ھاقارەتلىمىگىن، بىز بۇرۇندىن تارتىپ چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بۇتلىرىمىزنىڭ ئەبەدى جەھەننەم ئوتىغا تاشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتمىغىن!»

ئاخىرىدا ھەتتا مۇنداق دېدى:

«ئەگەر سەن ئاغرىپ قالغان بولساڭ ۋە شۇ تۈپەيلى جۆيلۈۋاتقان بولساڭ، ساڭا بەدىنىڭنى ۋە روھىڭنى داۋالىيالايدىغان كىشى تېپىپ بېرەيلى. چۈنكى بىز شەھىرىمىزدە سېنىڭ سۆزلىرىڭ تۈپەيلى قالايمىقانچىلىق، مۇقىمسىزلىق پەيدا بولۇشىنى خالىمايمىز.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن قۇرئاندىن ئايەت ئوقىدى:

«ھا مىم، (بۇ) ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ۋەھيىدۇر). ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان ئەرەبچە قۇرئاندۇر. (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچىدۇر، (كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پىكىر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈدى. ئۇلار (ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ. ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)» دەيدۇ. سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن، مۇشرىكلارغا ۋاي! ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئەلۋەتتە ئۈزۈلۈكسىز ساۋاب بېرىلىدۇ. (سەن ئۇلارغا) «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان ئاللاھنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر). ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى. ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ باياناتلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن.» (فۇسسىلەت سۈرىسى 1 ـ 13 ـ ئايەتلەر)

**ئويلاپ باقايلى**

پەيغەمبىرىمىز ئۇتبە بىن رابىئەنىڭ تەكلىپىگە قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئوقۇغان بۇ ئايەتنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى، يەنى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاساسلىق ئۇچۇر نېمە؟

ئۇتبە بىن رەبىئە بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ئوقۇشنى توختىتىشنى ئېيتىپ يالۋۇردى ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى قۇرەيشلىكلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەر قانداق قىلغۇڭلار كەلسە شۇنداق قىلىڭلار. چۈنكى مەن بۇ ئىشنى ھەل قىلالمايدىكەنمەن...» (ھەمدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 109 ـ 111)

مەككىدە داۋاملىشىۋاتقان زۇلۇم، قىيىن ـ قىستاقلار، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ زۇلۇمنى توسۇشقا كۈچىنىڭ يەتمەسلىكى ئۇنى باشقا چىقىش يولى ئىزدەشكە ئۈندىدى. ئۇ مۆمىنلەرگە مۇنداق دېدى: «ئەگەر كۆچۈڭلار يەتسە، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ يەردە خەلققە زۇلۇم قىلمايدىغان بىر پادىشاھ بار، ئۇ دۆلەتتە ئادالەت بار. ئاللاھ ئىشلىرىمىزغا ئاسانلىق بەرگۈچە شۇ يەردە تۇرۇڭلار.» (ھەمدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 117)

بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشنى نىيەت قىلىشتى. مىلادى 615 ـ يىلى، يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەر بولغىنىغا بەش يىل بولغان ۋاقىتتا رەجەپ ئېيىدا تۇنجى ھىجرەت قىلغۇچىلار يولغا چىقتى. 11ئەر، تۆت نەپەر ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 كىشىلىك ھىجرەت ئۆمىكى ھەبەشىستانغا قاراپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ ئايالى، يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى رۇقىيەمۇ بار ئىدى.

مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشى بىلەن بۇ ھىجرەت ئۆمىكى يولغا چىقىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەت كارۋىنى يولغا چىقتى. جافەر بىن ئەبۇ تالىبنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بۇ ھىجرەت كارۋىنىدا 81 ئەر، 18 ئايال بار بولۇپ، ئۇلار ھەبەشىستانغا باردى.

مەككىلىكلەر ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن بىئارام بولۇشتى ـ دە، ئەمر بىن ئاس بىلەن ئابدۇللاھ بىن رابىئەنى مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلار نەجاشىغا مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى تەقدىم قىلدى. بىراق نەجاشى مۇھاجىرلارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرمىدى. كېيىن مۇھاجىرلاردىن بەزىلەر پەرقلىق ۋاقىتلاردا ئۆزى خالاپ مەككىگە ۋە مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرقى ھىجرەت ئۆمىكى ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادى 628 ـ يىلى) مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.



## مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرنى جازالىشى

مەككىلىك مۇشرىكلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەرلىك تەبلىغىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئېتىقادتىن ئايرىش ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاققا ئالدى، سالمىغان زۇلۇم جاپاسى قالمىدى، بۇ زۇلۇملارغا چىدىماي، يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن ھەبەشىستان پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما رەت جاۋابىغا ئۇچرىشى مەككىلىكلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى توختىتىش ئۈچۈن باشقىچە بىر چارە ـ ئامال تېپىشقا مەجبۇر قىلدى. مەككىلىك مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىسىنى چەتكە قېقىپ، ئۇلارنى جازالاشنى قارار قىلىشتى.

بۇ قارار بويىچە بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىش، ئۆيلىنىش، تىجارەت قىلىش مەنئى قىلىندى. تاكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىماسلىق، ئۇلارغا بىخەتەرلىك بەرمەسلىك ھەققىدە قارار ئىمزالاندى. ھەتتا بۇ قارارنى يېزىپ كەبىگە ئېسىپ قويۇشتى.

بۇ ئېغىر قارارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەبۇ تالىب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلىسىنى ئېلىپ بىخەتەررەك دەپ ئويلىغان ئەبۇ تالىن مەھەللىسىگە (شىئبۇ ئەبى تالىب)قا كۆچۈپ كەتتى. ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن باشقا، بەنى ھاشىم جەمەتىدىكى بارلىق مۇسۇلمان ۋە مۇشرىكلار بۇ مەھەللىگە يىغىلىشتى. ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي جازالاش ئاستىدا چەتكە قېقىلىش، كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ بۇ يەردە ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئىنسانلارئىنتايىن ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا ياشىدى. مەككىلىك مۇشرىكلار بۇ قارارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق بۇ مەھەللىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نازارەت قىلىپ، بەنى ھاشىم جەمەتىگە ئارامлиق بەرمىدى. ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بەنى ھاشىم جەمەتىدىكىلەر سىرتتىن ھەج قىلغىلى كەلگەن ئادەملەردىن ئازراق يېمەكلىك ئالالايتتى. مەككە ئاھالىسى ئىچىدىمۇ مۇسۇلمانلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان، ئۇلار قاماپ قويۇلغان يەردە ئۇلارغا ئازراق يېمەكلىك بېرىدىغان بەزى كىشىلەر بار ئىدى. بۇ كىشىلەردىن بىرى ھىشام ىبن ئامىر بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەر تارتىۋاتقان ئەزىيەتلەر چىدىغۇسىز ھالەتكە كەلگەندە ھىشام، زۇھەير ىبن ئەبى ئۇمەييەنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ خىل جازالاش قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھىشام بىلەن زۇھەير بۇ جازالاش قارارىنى بىكار قىلدۇرۇش ۋە بۇ جەھەتتە باشقىلارنىڭمۇ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋەدىلەشتى. مۇتىم ىبن ئادىي، ئەبۇل بۇختەرى ىبن ھىشام بىلەن زەما ىبن ئەسۋەد قاتارلىقلار ئۇلارغا قوشۇلدى. ئەتىسى كۈنى زۇھەير كەبىگە بېرىپ خەلقنى بەنى ھاشىم جەمەتىگە قىلىنغان جازالاش قارارىنى بىكار قىلىشقا چاقىردى. ئەبۇ جەھىل قاتارلىق بەزى مۇشرىكلار بۇنىڭغا قارشى چىققان بولسىمۇ، نەتىجىدە بۇ كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن جازالاش قارارىغا خاتىمە بېرىلدى. مىلادى 616 ـ يىلى باشلانغانچە ئۈچ يىل داۋاملاشقان بۇ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە پسىخىك جازا ئاخىرلاشقان بولدى.



**ئويلاپ باقايلى**

سىزنىڭچە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بۇ خىل جازا ئۇلارغا نىسبەتەن سەلبى تەسىر قىلغانمىدۇ؟ ياكى ئىجابى تەسىر قالدۇرغانمىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

### جازالىنىشنىڭ ئاخىرلىشى ۋە مۇسىبەت يىلى

616 ـ يىلى باشلىنىپ 619 ـ يىلىغىچە ئۈچ يىل داۋاملاشقان مەككىلىكلەرنىڭ بەنى ھاشىم جەمەتىنى جازالىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر جەھەتتىن قوغداپ قوللاۋاتقان تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم قىلىدىغان ئايالى خەدىچە ۋاپات بولدى. كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن بۇ ئىككى مۇسىبەت پەيغەمبىرىمىزنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. بۇ ئىككى قايغۇلۇق ھادىسە يۈز بەرگەن يىل ئىسلام تارىخىدا «مۇسىبەت يىلى» دەپ ئاتالدى.

### تائىف سەپىرى

مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىختەرلىكىگە كېلىۋاتقان تەھدىتلەر كۈنسىرى ئېغىرلىششقا باشلىدى. ئەبۇ تالىب بىلەن خەدىچە ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەككىدە مۇسۇلمانلارغا بولغان بېسىم ۋە زۇلۇم بارغانسىرى كۈچىييىپ كەتتى. بۇ شارائىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ سىرتىدىن پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي ئىزدەشنى نىيەت قىلدى ـ دە، تائىفنى ئويلىدى. تائىف گەرچە مەككىدىن بىر ئاز يەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما كۆپ جەھەتتىن يەنىلا مەككىگە ئوخشايتتى. تائىفنىڭ يەمەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئالاھىدە يېقىن بولۇپ، بىر تىجارەت مەركىزى ئىدى. ھاۋاسى ساپ، تۇپرىقى مۇنبەت ئىدى. تائىفتە سەقىف قەبىلىسى ياشايتتى. مەككىلىك بايلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تائىفتە تېرىلغۇ يەرلىرى بار بولۇپ، ئۇلار يازلىقتا بۇ يەردە دەم ئالاتتى. ئۇندىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋە بولغان بەنى ھاشىم قەبىلىسىنىڭمۇ تائىفلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىر ھالدا ناچار مۇئامىلىگە ئۇچراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇبۇۋۋەتنىڭ (پەيغەمبەرلىكنىڭ) ئونىنچى يىلى (مىلادى 620 ـ يىلى) شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبىرىمىز تائىفقا بىرەر ھامىي ۋە يېقىن كىشى ئىزدەپ باردى. ئۇ مەككىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ، تائىفقا پىيادە باردى. يېنىدا بېقىۋالغان ئوغلى زەيد

بىن ھارىسەمۇ بىللە ئىدى. 620 ـ يىلىنىڭ شەۋۋال ئېيىدىكى تائىف سەپىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تائىفنىڭ ئاقساقىلى ۋە ئۆزى بىلەن تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان ئۈچ چوڭ كىشى بىلەن ئۇچرىشىشىدا نەتىجىلەندى. بۇ ئۇچرىشىشتا پەيغەمبىرىمىز قاتتىق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ھەتتا ئۇ تائىفلىق ئۈچ چوڭ ئاقساقال پەيغەمبىرىمىزنى دەرھال شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى، ئۇنى زاڭلىق قىلغان، مەسخىرە قىلغان تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى. بولۇپمۇ شەھەردىكى لۈكچەكلەرنى كۈشكۈرتۈپ ئۇلارنى پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىپ تاش ئاتقىلى سالدى. ئېغىر يارىلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، تائىفنىڭ سىرتىدىكى مەككىلىكلەرگە ئائىت بىر باغقا كىرىپ پاناھلاندى. بۇ يەردە بىر دەم ئارام ئالغاندىن كېيىن مەككىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مەككىنىڭ ئەتراپىنى قورشىغان ئېگىزلىككە ھېرىپ چارچىغان ھالدا كەلدى. ئەبۇ لەھەب ئۇنى مەككىگە كىرىشكە بولمايدۇ دەپ ئېلان قىلغانتى. شۇڭا شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان بىرەر كىشىنى تاپمىسا بولمايتتى. مۇتئىم بىن ئادىي ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ۋەدە قىلدى ـ دە، ئوغۇللىرىنى يېنىغا ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتىۋالغىلى باردى.

**ئىزدىنەيلى ـ ئۆگىنەيلى**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تائىفتا دۇچ كەلگەن قاتتىق مۇئامىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە سۆزلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىڭلار. بۇ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە چىققان خۇلاسىگە ئاساسەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ئالاھىدىلىكلىرىدىن قايسىنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋال كەبىنى تاۋاپ قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقىدى ۋە ئۇ يەردىن يېنىپ ئۆيىگە كەتتى.

## 5 كېچە سەپىرى ( ئىسرا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوچۇق ـ ئاشكارا دىنغا دەۋەت قىلىشنى باشلىغان كۈندىن ئېتىۋارەن قارشىلىق ۋە نارازىلىقلارغا ئۇچراپ، بەزىدە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئىدى. ئۈچ يىل ئەتراپىدا داۋاملاشقان ئىجتىمائىي، پسىخىك ۋە ئىقتىسادىي جازالاشنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتقان تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن سۆيۈملۈك ئايالى خەدىچىنىڭ ۋاپات بولۇشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. بۇ خىل پاسسىپ شارائىتتا تائىفقا سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردە ئۇچرىغان ناچار مۇئامىلە ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ بەك يېرىم قىلدى. دەل مۇشۇ بىئارام، مۇسىبەتلىك كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاللاھۇتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېچىدە مەككىدىكى ھەرەم مەسجىدىدىن پەلەستىندىكى ئەقسا مەسجىدىگە ئېلىپ باردى. بۇ كېچە سەپىرى «ئىسرا» دەپ ئاتالدى، قۇرئان ـ كەرىمدىمۇ بۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنغان سۈرىنىڭ ئىسمى ئىسرا سۈرىسى دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ئاللاھ (بارچە بوقساندىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (ئىسرا سۈرىسى 1 ـ ئايەت)

كىتابلاردا بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ كېچىدە مىراج ۋەقەسى يۈز بەرگەن ۋە بەش ۋاقىت ناماز مىراجدا پەرز قىلىنغان.

**نۆۋەت سىلەردە**

ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە ۋەقەنى نېسىپ قىلدى؟

## 6 مەدىنىلىكلەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئەقەبە بەيئەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە قارشىلىققا دۇچ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەككە سىرتىدىكى رايونلارغا بېرىش ئۈچۈن پاناھلىنىش (ھىمايىگە كىرىش) كېلىشىمى تۈزۈش ئۈچۈن تىرىشۋاتاتتى. بۇ مەقسەتتە 15 ئەتراپىدا قەبىلە ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ ئۇلار قوبۇل قىلمىغان ئىدى. نۇبۇۋۋەتنىڭ (پەيغەمبەرلىكنىڭ) 11 ـ يىلى مەككىگە كەلگەن ياقا يۇرتلۇق ھاجىلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆمەكلىرى تۇرىۋاتقان جايلارغا باردى. 620 ـ يىلى ھەج مەزگىلىدە ئىسلام دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقاندا ئەقەبە دېگەن يەردە يەسرىبلىك (مەدىنىلىك) خەزرەج قەبىلىسىدىن كەلگەن ئالتە كىشى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىردى. ئۇلار بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلدى.

بۇ كىشىلەر ئەسئەد بىن زۇرارە، ئاۋف بىن ھارىس، رافىي بىن مالىك، ئۇقبە بىن ئامىر ۋە جابىر بىن ئابدۇللاھ قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

كېيىنكى يىلى ھەج مەزگىلىدە بۇ كىشىلەر يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى. خەزرەج قەبىلىسىدىن كەلگەن بۇ ئالتە كىشى ئىسلامنى مەدىنىدە تارقىتىشقا باشلىدى.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن 621 ـ يىلى ھەج مەزگىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىنقى يىلى ئەقەبەدە كۆرۈشكەن ئالتە كىشى بىلەن بىرلىكتە كەلگەن خەزرەج قەبىلىسىدىن ئون كىشى، ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىككى كىشى، جەمئىي ئون ئىككى كىشى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ئون ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق ۋە زىنا قىلماسلىق، باللىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك، بۆھتان قىلماسلىق، ئىسلامنىڭ بۇيرىغانلىرىغا ئەمەل قىلىش ھەققىدە ۋەدە قىلدى. بۇ ئۇچرىشىش ۋە ۋەدىلىشىش «بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دەپ ئاتالدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ كەلگەن ئون كىشى بىلەن بىرلىكتە قۇرئاننى ياخشى بىلىدىغان ئىشەنچلىك ساھابىسى مۇسئەب بىن ئۇمەيرنى مەدىنىگە ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى مۇسئەب بىن

ئۇمەير قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيدى، ھەر قايسى قەبىلىلەردىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. 622 ـ يىلى ھەج مەزگىلىدە مەدىنىدىن 500 كىشىلىك ھەج كارۋىنى مەككىگە كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 75 نەپەر مۇسۇلمان بار بولۇپ، 73ى ئەر، ئىككىسى ئايال ئىدى. بۇلار يەنە بىر كېچىسى ئەقەبەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپى كۆرۈشمەكچى بولدى. ئۇلار تۇرغان يەردە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن كىچىك گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ يولغا چىقىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباس بىلەن بىللە ئۇ يەردە ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئاببās ئۇ چاغدا تېخى ئىسلامغا ئىمان ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئەمما جىيەنىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە تۇغقان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قوغداپ مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئەقەبەدىكى ئۇ ئۇچرىشىشتا «مەككىدە قىيىن ئەھۋالدا تۇرىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى» تېمىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «شەھىرىڭلارغا بارسام، ماڭا ھەر جەھەتتە ياردەم قىلىشقا، بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا ۋەدە قىلالامسىلەر؟» دەپ سورىدى.

ئۇلار: «ئەلۋەتتە! شۇنداق. سىزنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمىزكى، بىز سىزنى بالا ـ چاقىلىرىمىزنى قوغدىغاندىن بەكرەك قوغدايمىز!» دېيىشتى. (ئىبنى ھىشام، 2 ـ جىلد، 54، 55، 56، 64)

بۇ جامائەت بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقىلا ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىق مەزگىلىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىدىغانلىقىغا دائىر قەسەم قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باشلىق بولۇشى ئۈچۈن 12 ۋەكىل سايلاشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار بەنى ئەۋس قەبىلىسىدىن 3 نەپەر، بەنى خەزرەج قەبىلىسىدىن 9 نەپەر، جەمئىي 12 كىشىنى ۋەكىل قىلىپ سايلىدى. نەتىجىدە «ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دەپ ئاتالغان بۇ كېلىشىم بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش رەسمىي قارارلاشتۇرۇلدى. قۇرەيشلىكلەر گەرچە بۇ ئىشتىن ئازىراق خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، بۇنى ئېنىق جەزملەشتۈرەلمىدى. بۇ بەيئەتتىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا ئۈندىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ئىسمى يەسرىب ئىدى. پەيغەمبىرىمىز كېلىشى بىلەن مەدىنەتۇل ـ نەبى (پەيغەمبەر شەھرى) دەپ ئاتالدى ۋە بۇ قىسقارتىلىپ مەدىنە دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. ئۇ چاغدا مەدىنىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى جەنۇبىي ئەرەبىستانلىق ئەرەبلەردىن بەنى ئەۋس ۋە بەنى خەزرەج قەبىلىسى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ بەنى قۇرەيزە، بەنى قەينۇقا ۋە بەنى نەدىر قەبىلىسىدىن تەركىپ تاپقان ئاھالە ئىدى.

## 7 مەدىنىگە ھىجرەت

ئەقەبەدە 622 ـ يىلى زىلھەججە ئېيىدا مەككىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى توغرىسىدا مەدىنىلىكلەر بىلەن بىر قارار تۈزۈلگەندىن كېيىن مەككىلىك مۇسۇلمانلار كىچىك كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مەدىنىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىشقا باشلىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىق بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ھىجرەت قىلالمىغان بىر قانچەيلەندىن باشقا مۇسۇلمان قالمىدى.

مەككىلىك مۇشرىك كاتتىۋاشلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققان ئەھۋالنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە بۇندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلىپ يىغىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاچتى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى قۇرەيشلىكلەرنى قاتتىق بىئارام قىلغان ئىدى. بۇ ئەھۋالدا پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەرنى كۈچلۈك بىر مەركەز قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئېھتىمالى يوق ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋالدا مۇشرىكلارنىڭ غېمى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. خىلمۇ ـ خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن چارە ـ ئامالالارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى بار يوقلۇقى مۇھاكىمە قىلىندى: ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەھەردىن قوغلىنىپ سۈرگۈن قىلىنسا، بارغان يېرىدە ئەگەشكۈچى تېپىشى مۇمكىن، بۇنداقتا مەككىلىكلەر قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. ئاخىرىدا ئەبۇ جەھلىنىڭ تەكلىپى ماقۇللاندى، ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە، ھەر قەبىلىدىن بىردىن يېگىت تاللىنىپ، بىر گۇرۇپپا ياشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ قىلىچتا ئۆلتۈرىدۇ. بۇنداقتا خۇن دەۋاسى مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالمايدۇ.

بۇ يىغىندا ماقۇللانغان سۇيىقەست قارارىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇقىيە ئىسىملىك ھاماچىسى ئاڭلاپ قېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال دوستى ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا سۇيىقەست ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتتى ـ دە، شەھەردىن چىقىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى دېدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇنىڭغا ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغانىتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەڭ كېچىدە شەھەردىن چىقىپ سەۋر تېغىدىكى بىر غاردا بىللە يۇشۇرۇنۇپ، ئۇ يەردىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى يولدا يول باشلىغۇچى بولۇشى ئۈچۈن مۇشرىك تۆگىچى ئابدۇللاھ بىن ئۇرايقىتنى تېپىپ سەپەر تەييارلىقىنى تەق قىلدى.

**نۆۋەت سىلەردە**

مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلىغان سەۋەبلەرنى بىر بىرلەپ يېزىپ چىقىڭلار.

### مەدىنە سەپىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەر ئۆزىنى ئۇخلاۋېتىپتۇ دەپ ئويلىسۇن دەپ ھەزرىتى ئەلىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ياتقۇزدى ـ دە، چاندۇرماي ئاستا سىرتقا چىقتى. ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار ئىككىسى بىللە مەككىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا بەش كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى سەۋر تېغىدىكى غارغا كىردى. گەرچە مەدىنە مەككىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرەپكە مېڭىشى، دۈشمەنلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن قىلغان بىر تاكتىكا ئىدى. ئۇلار بۇ غاردا ئۈچ كېچە ئۈچ كۈندۈز قالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن قۇرەيشلىكلەر ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئورنىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ـ دە، قاتتىق ئاچچىغى كېلىشتى. تەرەپ ـ تەرەپتە ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. ھەتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بار يېرىنى دەپ بەرگۈچى ياكى تېپىپ بەرگۈچىگە 300 تۆگە سۆيۈنچە بېرىدىغانلىقىنى جاكالاشتى. مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى بىرمۇ ـ بىر قاتتىق تەكشۈرۈلدى. ھەتتا ئۇنى ئىزدەۋاتقان بىر گۇرۇپپا مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىز بىلەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تۇرغان غارنىڭ ئاغزىغىچە كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قاتتىق ئەندىشە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «غەم قىلما، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە!» دەپ تەسەللىي بەردى.
(تەۋبە سۈرىسى 40 ـ ئايەت)

قۇرئان ـ كەرىمدە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئەندىشىسى ۋە بۇ قىيىن ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىقى بايان قىلىنغان:

«ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى، ئاللاھ ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، ئاللاھنىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (تەۋبە سۈرىسى 40 ـ ئايەت)

مۇشرىكلار ئۇلارنى ئىزدەشتىن توختىغىچە ئۇلار غاردا ئۈچ كېچە كۈندۈز يوشۇرۇنۇپ تۇردى. ئۈچىنچى كۈنىنىڭ ئاخىرى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ پادىچىسى ئامىر ئىبن فۇھەيرە بىلەن بىللە يولباشلىغۇچى تۆگىچى ئابدۇللاھ ئىبن ئۇرايقىت ئىككى تۆگىنى ئېلىپ غارغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆت كىشىلىك بۇ كىچىك كارۋان مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىنە سەپىرىدە ئۇلار كۆپىنچە چىغىر يوللاردا ماڭدى، بەزىدە چوڭ يولدا ماڭدى.

### تۇنجى مەسجىد

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمراھلىرى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى (مىلادى 622 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) مەدىنىگە ئۈچ يۈز مىل يىراقلىقتىكى قۇبا دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى بۇ يەردە تۆت كۆزدە ساقلاپ كۈتۈپ تۇرىۋاتقان مەدىنىلىك مۇسۇلمان جامائەت قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار قۇبادا بەنى ئامىر ئىبن ئاۋف قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن كۇلسۇم ئىبن خىدمىنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن مېھمان بولدى. بۇ بىر نەچچە كۈندە ئىنتايىن ئاددى ساددا ئۇسلۇپتا قۇبا مەسجىدىنى سالدى، بۇ مەسجىد تۇنجى سېلىنغان مەسجىد سۈپىتىدە داڭلىق بولدى، بۇ پەيتتە مەككىدە قالغان ھەزرىتى ئەلىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلدى.

### تۇنجى جۈمە ۋە تۇنجى خۇتبە

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر قۇبادا تۆت كۈن تۇرغاندىن كېيىن جۈمە كۈنى مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. رائۇنا دېگەن جايدا تۇنجى جۈمە نامىزى بىلەن تۇنجى جۈمە خۇتبىسى ئوقۇلدى:

«ئەي ئىنسانلار! ھەممىدىن ئاۋال ئۆزەڭلار ھەققىدە ئويلىنىڭلار. ساق چېغىڭلاردا ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار. شۇنى بىلىڭلاركى، ھەر كىشى ئۆلىدۇ، ماللىرىنى پادىچىسىز تاشلاپ قويۇپ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ. ئاللاھ ھېچقانداق ۋاستىچى ۋە تەرجىمانغا موھتاج بولمىغان ھالدا ئۇنىڭغا: «ساڭا مەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر كەلمىدىمۇ؟ مەن ساڭا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بەرمىدىمۇ؟ ئۇنداقتا، سەن ماڭا نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا ئۇ كىشى ئوڭ سول تەرىپىگە قارايدۇ، لېكىن (ئۆزىنى قۇتقۇزغۇدەك) ھېچكىمنى كۆرەلمەيدۇ. كۆز ئالدىدا يېنىپ تۇرغان جەھەننەمنى كۆرىدۇ. ئۇنداقتا سىلەردىن ھەر كىم بىر تال خورما سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ ئۆزىنى قۇتقۇزغۇدەك بولسا، بۇ سەدىقە يولى بىلەن ئۆزىنى جەھەننەم ئوتىدىن قۇتقۇزسۇن. سەدىقە بەرگۈدەك ھېچقانداق نەرسە تاپالمىغانلار ياخشى گەپ قىلسۇن. چۈنكى ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان مۇكاپات شۇنداق ئىكەنكى، كىشى ئېگە بولغان قەدىر ـ قىممەتنىڭ ئون ھەسسىسى ياكى يۈز ھەسسىسى مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بەرىكىتى ۋە سالامىتى سىلەر بىلەن بىرگە بولسۇن!» (ئىبنى ھىشام ، 2 ـ جىلد، 107 ـ 108؛ ھەمىدۇللاھ، يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ قىسىم، 190)

نامازدىن كېيىن ئۇلار مەدىنىگە قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى ۋە قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن مەدىنىگە يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**نۆۋەت سىلەردە**

تۆنجى خۇتبىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى نېمە؟

### ھىجرەتنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە تارىخىي تەسىرى

مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ئىسلام تارىخى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى.

ھىجرەت بىلەن تەڭ مۇسۇلمانلار زۇلۇم ۋە بېسىمدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل ۋە ئەركىن بىر جەمئىيەتتە ياشاشقا باشلىدى. مەقسىدىگە يېتىش يولىدا قىيىنچىلىق، تۇسالغۇغا دۇچ كەلگەندە مۇسۇلمانلار قول ـ ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە ئىرادىسىدىن، ئەقىدىسىدىن قەتئىي يانمىغانلىقى ئۈچۈن تارىخ ئېقىمىغا تەسىر كۆرسىتىپ، مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ھىجرەت يىپ ـ يېڭى بىر پەلەمپەي بولدى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم بىر سەھىپە ئېچىلدى.

مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يېڭى بىر تارىخنىڭ باشلىنىشى بولغان ھىجرەت ھەزرىتى ئۆمەر زامانىدا (مىلادى 638 ـ يىلى/ ھىجرىيە 17 ـ يىلى) ھىجرىيە كالېندارىنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى.

**نۆۋەت سىلەردە**

مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەتنى كېيىنچە ھىجرىيە كالېندارىنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى بۇ ھىجرەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ قانداق سەۋەبلىرى بارلىقىنى مۇزاكىرە قىلىڭلار. ھىجرەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى قايسىلار؟

## بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى

ۋەھيى ئاتالغۇسى قەلبكە ھەقىقەتنىڭ بىلدۈرۈلۈشى، ئىلھام قىلىش، تېز سۈرئەتتە كەلگەن بىشارەت دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ۋەھيى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە خەۋەر ئەۋەتىشنى كۆرسىتىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تۇنجى ۋەھيىنى قىرىق ياشقا كىرگەندە بىر رامىزان ئېيىدا ھىرا غارىدا ئالغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئاۋال شەخسىي دەۋەتتىن باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۆزى بىللە ياشايدىغان ئائىلە ئەزالىرىغا تەبلىغ قىلدى. بۇ باسقۇچتا ئۇنىڭ دىنىي چاقىرىقىغا دەسلەپتە ئايالى خەدىچە، تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلى ۋە بېقىۋالغان ئوغلى زەيد ئاۋاز قوشتى. كېيىن يېقىن دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ دەۋەتكە قوشۇلدى.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋەھىيلەرنى مەخپىي ئەمەس، ئاشكارا ھالدا تەبلىغ قىلىپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە ۋەزىپىلەندۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەزگىلدە ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھىيلەرنى جەمئىيەتتىكى بارلىق خەلققە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، پۈتۈن كۈچىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلغان ئىدى. ئەرەبلەر ئارىسىدا ئەسلىنى يوقىتىپ قويغان تەۋھىد (ئاللاھنىڭ بىرلىكى) ئەقىدىسىنى توغرىلاش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە بۇتقا چوقۇنۇشتىن

ئۇزاقلىششىش، ئاللاھقا ھۆرمەت قىلىش، پەقەتلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى ئوچۇق-ئاشكارا تەبلىغ قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇنى ئېغىر تەھدىت دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى دۈشمەنلىكنى كۈچەيتتى. ئۇنىڭ تەبلىغىنى توسۇش ئۈچۈن ھەر خىل چارە-ئامالLارنى ئىشلىتىشكە باشلىدى: مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلدى، بەزىلىرىنى قىيىن-قىستاققا ئالدى، ھەتتا بەزىلەرنى ئۆلتۈرىۋەتتى. بولۇپمۇ قۇل-چۆرىلەر ۋە ئىگە چاقىسىز غېرىپ مۇسۇلمانلار ئېغىر زۇلۇم، قىيىن-قىستاققا دۇچ كەلدى.

كىشىلەر قورققان ھالدا ئۇلارنىڭ بىچارە ئەھۋالىغا قارىشىپ تۇراتتى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھتىن ئالغان ۋەھىيلەرنى ئەتراپىدىكىلەرگە يەتكۈزۈشكە باشلىشى بىلەن ھەر خىل تۆھمەت، بۇھتان، قارىلاشقا دۇچ كەلدى. ئىنكارچى كاپىرلار دەسلەپتە ئۇنى ساراڭ دەپ تۆھمەت چاپلىدى. كېيىن ئۇنى يەنە داخان (پېرىخۇن)، سېھىرگەر، شائىر دېيىشتى.

مەككىدە داۋاملىشىۋاتقان زۇلۇم، قىيىن-قىستاقلار، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ زۇلۇمنى توسۇشقا كۈچىنىڭ يەتمەسلىكى ئۇنى باشقا چىقىش يولى ئىزدەشكە ئۈندىدى. ئۇ مۆمىنلەرگە مۇنداق دېدى: «ئەگەر كۆچۈشلار يەتسە، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ يەردە خەلقىگە زۇلۇم قىلمايدىغان بىر پادىشاھ بار، ئۇ دۆلەتتە ئادالەت بار. ئاللاھ ئىشلىرىمىزغا ئاسانلىق بەرگۈچە شۇ يەردە تۇرۇڭلار.» بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلاردىن بىر توپ كىشى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشتى.

بۇ مەزگىلدە مەككىلىكلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسى مەنسۇپ بولغان بەنى ھاشىم قەبىلىسىنى جازالىشى (بويقوت قىلىشى) شىددەتلىك ھالدا داۋاملىشىۋاتاتتى. بۇ جازا ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر جەھەتتىن قوغداپ قوللاۋاتقان تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم قىلىدىغان ئايالى خەدىچە ۋاپات بولدى. كەينى-كەينىدىن كەلگەن بۇ ئىككى مۇسىبەت پەيغەمبىرىمىزنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. بۇ ئىككى قايغۇلۇق ھادىسە يۈز بەرگەن يىل ئىسلام تارىخىدا «مۇسىبەت يىلى» دەپ ئاتالدى.

دەل مۇشۇ بىئارام، مۇسىبەتلىك كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاللاھۇتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېچىدە مەككىدىكى ھەرەم مەسجىدىدىن پەلەستىندىكى ئەقسا مەسجىدىگە ئېلىپ باردى. بۇ كېچە سەپىرى «ئىسرا» دەپ ئاتالدى، قۇرئان-كەرىمدىمۇ بۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنغان سۈرىنىڭ ئىسمى ئىسرا سۈرىسى دەپ ئاتالغان. كىتابلاردا بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ كېچىدە مىراج ۋەقەسى يۈز بەرگەن ۋە بەش ۋاقىت ناماز مىراجدا پەرز قىلىنغان. ئىسرا ۋەقەسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشتىن كەچۈرگەن بىر پەۋقۇلئاددە ۋەقەدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاللاھۇتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيىن كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەقە ئارقىلىق تەسەللىي بېرىپ، غەم-قايغۇدىن قۇتقۇزغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە قارشىلىققا دۇچ كېلىشىدىن قەتئىنەزەر دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. نۇبۇۋۋەتنىڭ (پەيغەمبەرلىكىنىڭ) 11-يىلى مەككىگە كەلگەن ياقا يۇرتلۇق ھاجىلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆمەكلىرى تۇرىۋاتقان جايلارغا باردى. 620-يىلى ھەج مەزگىلىدە ئىسلام دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقاندا ئەقەبە دېگەن يەردە يەسرىبلىك (مەدىنىلىك) خەزرەج قەبىلىسىدىن كەلگەن ئالتە كىشى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىردى. ئۇلار بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلدى.

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار كېيىنكى يىلى ھەج مەزگىلىدە يەنە مۇشۇ ئەقەبەدە كېچىسى پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچرىششقا ۋەدىلەشتى. ئەقەبەدىكى ئۇ ئۇچرىششتا «مەككىدە قىيىن ئەھۋالدا تۇرىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى» تېمىسى مۇزاكىرە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش رەسمىي قارارلاشتۇرۇلدى. قۇرەيشلىكلەر گەرچە بۇ ئىشتىن ئازىراق خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، بۇنى ئېنىق جەزملەشتۈرەلمىدى.

ئەقەبەدە 622-يىلى زىلھەججە ئېيىدا مەككىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى توغرىسىدا مەدىنىلىكلەر بىلەن بىر قارار تۈزۈلگەندىن كېيىن مەككىلىك مۇسۇلمانلار كىچىك كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مەدىنىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىشقا باشلىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەككىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2 ـ باب: مەككە دەۋرى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىق بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ھىجرەت قىلالمىغان بىر قانچەيلەندىن باشقا مۇسۇلمان قالمىدى.

مەككىلىك مۇشرىك كاتتىۋاشلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققان ئەھۋالنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە بۇندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلىپ يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىندا ماقۇللانغان سۇيىقەست قارارىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ رۇقىيە ئىسىملىك ھاماچىسى ئاڭلاپ قېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دەرھال دوستى ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا سۇيىقەست ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتتى ـ دە، شەھەردىن چىقىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى دېدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇنىڭغا ئالللقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغانتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەككىلىكلەر ئۆزىنى ئۇخلاۋېتىپتۇ دەپ ئويلىسۇن دەپ ھەزرىتى ئەلىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ياتقۇزدى ـ دە، چاندۇرماي ئاستا سىرتقا چىقتى. ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار ئىككىسى بىللە مەككىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا بەش كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى سەۋر تېغىدىكى غارغا كىردى. گەرچە مەدىنە مەككىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرەپكە مېڭىشى، دۈشمەنلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن قىلغان بىر تاكتىكا ئىدى. ئۇلار بۇ غاردا ئۈچ كېچە ئۈچ كۈندۈز قالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن قۇرەيشلىكلەر ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئورنىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ـ دە، قاتتىق ئاچچىغى كېلىشتى. تەرەپ ـ تەرەپتە ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. ھەتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بار يېرىنى دەپ بەرگۈچى ياكى تېپىپ بەرگۈچىگە 300 تۆگە سۆيۈنچە بېرىدىغانلىقىنى جاكالاشتى. مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى بىرمۇ ـ بىر قاتتىق تەكشۈرۈلدى. ھەتتا ئۇنى ئىزدەۋاتقان بىر گۇرۇپپا مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىز بىلەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تۇرغان غارنىڭ ئاغزىغىچە كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قاتتىق ئەندىشە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: «غەم قىلما، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە!» دەپ تەسەللىي بەردى.


سەۋرى تېغى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ھەمراھلىرى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى (مىلادى 622 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) مەدىنىگە ئۈچ يۈز مىل يىراقلىقتىكى قۇبا دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى بۇ يەردە تۆت كۆزدە ساقلاپ كۈتۈپ تۇرىۋاتقان مەدىنىلىك مۇسۇلمان جامائەت قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار قۇبادا بەنى ئامىر بىن ئاۋف قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن كۇلسۇم بىن خىدمىنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن مېھمان بولدى. بۇ بىر نەچچە كۈندە ئىنتايىن ئاددى ساددا ئۇسلۇپتا قۇبا مەسجىدىنى سالدى، بۇ مەسجىد تۇنجى سېلىنغان مەسجىد سۈپىتىدە مەشھۇر بولدى، بۇ پەيتتە مەككىدە قالغان ھەزرىتى ئەلىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر قۇبادا تۆت كۈن

تۇرغاندىن جۇمە كۈنى مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. رائۇنا دېگەن جايدا تۇنجى جۇمە نامىزى بىلەن تۇنجى جۇمە خۇتبىسى ئوقۇلدى. نامازدىن كېيىن ئۇلار مەدىنىگە قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى ۋە قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مەدىنىلىكلەر ئۇلارنى خۇشاللىق ئىچىدە قىزغىن قارشى ئالدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ئىسلام تارىخى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. ھىجرەت بىلەن تەڭ مۇسۇلمانلار زۇلۇم ۋە بېسىمدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل ۋە ئەركىن بىر جەمئىيەتتە ياشاشقا باشلىدى. مەقسىدىگە يېتىش يولىدا قىيىنچىلىق، تۇسالغۇغا دۇچ كەلگەندە مۇسۇلمانلار قول-ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە ئىرادىسىدىن، ئەقىدىسىدىن قەتئىي يانمىغانلىقى ئۈچۈن تارىخ ئېقىمىغا تەسىر كۆرسىتىپ، مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ھىجرەت يېپ-يېڭى بىر پەلەمپەي بولدى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم بىر سەھىپە ئېچىلدى.

مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يېڭى بىر تارىخنىڭ باشلىنىشى بولغان ھىجرەت ھەزرىتى ئۆمەر زامانىدا (مىلادى 638-يىلى/ ھىجرىيە 17-يىلى) ھىجرىيە كالېندارىنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى.

## بۇ بابنى كۆزدىن كەچۈرەيلى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى؟
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشنى خالىمىغانلار قانداق ئېتىراز قىلىشتى؟ قۇرئان-كەرىمدە بۇ ئەھۋاللار قانداق بايان قىلىنغان؟
3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان دەسلەپكى مۇسۇلمانلار كىملەر؟
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنگەن دەسلەپكى مۇسۇلمانلار قانداق زۇلۇم ۋە قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىدى؟ مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيەدە بولدى؟
5. قانداق شارائىتتا ھىجرەت قىلىندى؟
6. مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ھىجرەت نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى ۋەھيىنى قوبۇل قىلغان غارنىڭ ئىسمى نېمە؟

A) ھىرا

C) رائۇنا

B) ئەبۋا

D) سەۋر

2. «فەترەتۇل ۋەھيي»نىڭ مەنىسى نېمە؟

A) ۋەھيي كەلگەن جاي

B) تۇنجى ۋەھيي

C) ۋەھيىنىڭ بىر مەزگىل توختاپ قېلىشى

D) ۋەھيي پەرىشتىسى

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەبلىغقا بۇيرىغان دەسلەپكى ئايەتلەر قايسى سۈرىدە بار؟

A) ئەلەق سۈرىسى

B) مۇددەسسىر سۈرىسى

C) قەلەم سۈرىسى

D) فاتىھە سۈرىسى

4. «دارۇل ئەرقام» قەيەر؟

A) ئەرقامنىڭ ئۆيى

B) ئەرقام قەبىلىسى

C) ئەرقام ئىسىملىك ساھابە

D) تۇنجى مەسجىد

5. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققاندا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى قايسى سۈپەتنى تاڭدى؟

A) شائىر

B) داخان، پىرىخون

C) سېھىرگەر

D) يۇقىرقىلارنىڭ ھەممىسى

6. تۇنجى ھىجرەت قەيەرگە قىلىندى؟

A) مەدىنە

B) تائىف

C) ھەبەشىستان

D) ئىران

7. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قايسى تاغىسى ئۆمۈر بويى ئۇنى قوغدىدى؟

A) ئەبۇ لەھەب

B) زۇبەير

C) ئابدۇلمۇتتەلىب

D) ئەبۇ تالىب

8. «مۇسىبەت يىلى» قايسى ۋاقىت؟

A) ھىجرەت قىلىنغان ۋاقىت

B) مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىنغان ۋاقىت

C) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ۋاپات بولغان يىل

D) خەدىچە بىلەن ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولغان يىل

9. «ئىسرا» (كېچىدىكى سەپەر) قەيەرگە قىلىنغان سەپەرنى كۆرسىتىدۇ؟

A) پەلەستىنىدىكى ئەقسا مەسجىدى

B) مەككىدىكى ھەرەم مەسجىدى

C) تائىف

D) ھەبەشىستان

10. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا كىم ھەمراھ ئىدى؟

A) ھەزرىتى ئەلى

B) ھەزرىتى ئوسمان

C) ھەزرىتى ئەبۇبەكرى

D) ھەزرىتى ئۆمەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەيغەمبىرىم



# 3-باب

# پەيغەمبەرلىك: مەدىنە دەۋرى

1. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىدىكى دەسلەپكى پائالىيەتلىرى
2. مۇشرىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت
3. يەھۇدىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت
4. خرىستىئانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت
5. مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى
6. ئالەمشۇمۇل چاقىرىقنىڭ ئەلچىلىرى
7. ۋىدالىشىش ھەججى، ۋىدا خۇتبىسى ۋە ئالەمشۇمۇل چاقىرىقلار
8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بۇ باب ھەققىدە

بۇ باپتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار بايان قىلىنىدۇ.
ھىجرەتتىن ئىلگىرىكى مەدىنىنىڭ ئەھۋالى، پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەر ۋە ئورنىتىلغان قائىدە ـ تۈزۈملەر تىلغا ئېلىنىدۇ.
مۇشرىكلار بىلەن قىلىنغان ئۇرۇشلار ۋە ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بايان قىلىنىدۇ. يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ تارقىلىشى تېزلەشتۈرگەن ۋە ئىسلام تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى سۆزلىنىدۇ.
مەككىنىڭ مىلادى 630 ـ يىلى، ھىجرى 8 ـ يىلى فەتھى قىلىنىشى، كۆپلىگەن قەبىلىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، ھىجرى 9 ـ يىلدىكى تەبۇك سەپىرى بىلەن شىمالىي ئەرەبىستاننىڭ مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىگە كىرىشى نەتىجىسىدە ئەرەبىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئەلچىلەر مەدىنىگە كېلىشكە باشلىدى. ھىجرى 9 ـ يىلى نۇرغۇن ئەلچىلەر ئۆمىگى كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يىلى «سەنەتۇل ۋۇفۇد» (ئەلچىلەر يىلى) دەپ ئاتالدى. بۇ باپتا ئەلچى ئۆمەكلىرىدىن بەزىلىرى بايان قىلىنىدۇ.
بۇ باپنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادا قىلغان ھەج پەرزى ۋە ۋاپاتى سۆزلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 632 ـ يىلى) ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان بولۇپ، بۇ ھەجدە ساھابىلىرى بىلەن ۋىدالاشقانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن كەبىنى قايتا تاۋاپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەج ۋىدالىشش ھەججى دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە ئۇ ئىسلام چاقىرىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇتبىسىنى (ۋىدا خۇتبىسىنى) ئوقىغان. ھەج ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن زىلھەججە ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى (مىلادى 632 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) مەدىنىگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولغان.

## ئۆگىنىش نىشانى

1. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانچىلىك قىزغىن كۈتىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىسىلەر.
2. مەدىنىدىكى مەسجىدى نەبەۋى، يەنى پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ پەقەت ئىبادەت قىلىدىغان ماكان بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئاممىۋى سورۇن، مەكتەپ سۈپىتىدە بىنا قىلىنغانلىقىنى بىلىسىلەر.
3. مەككىلىك ۋە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ھەمكارلىقنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش قىلىنغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىسىلەر.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججى ۋە ھەج مەزگىلىدە ئوقىغان خۇتبىسىدىكى مەزمۇنلاردىن ئىنسانپەرۋەرلىك، باراۋەرلىك، ئادالەت، قېرىنداشلىق قاتارلىق قىممەتلىك ئامىللارنى بايقايسىلەر.

## بۇ بابنى ئۆگىنىشتە

1. بابنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆگىنىش نىشانىغا يەتكەن يەتمىگەنلىكىڭلارنى داۋاملىق ئويلاڭلار. ئەگەر نىشانغا يېتەلمىگەن بولساڭلار، خام قالغان مەزمۇنلارنى قايتا ئوقۇپ تەكرارلاڭلار.
2. ئۆگىنىش ئۈچۈن پەقەتلا بۇ كىتاب بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماڭلار. كىتابنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنىڭ مەنبە تىزىملىكى بار. شۇ تىزىملىكتىن بەزى كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇڭلار.
3. كىتابتىكى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىنى تېپىپ كۆرۈڭلار، بىلمىگەنلەر تولۇقلاڭلار.
4. ھەججگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇننى ئۆگەنگەندە ھەرەمگە بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ كەلگەن ھاجىلارنىڭ ھەججگە مۇناسىۋەتلىك پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.

# 1 پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىدىكى دەسلەپكى پائالىيەتلىرى

**ھىجرەتتىن ئىلگىرىكى مەدىنىنىڭ ئەھۋالى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىشى**

ئىلگىرىكى ئىسمى يەسرىب دەپ ئاتالغان مەدىنە ھىجاز رايونىدىكى مۇھىم شەھەرلەردىن بىرى ئىدى. بۇ شەھەردە يەھۇدىيلارنىڭ بەنى قۇرەيزە، بەنى قەينۇقا ۋە بەنى نەزىر قەبىلىسى بىلەن ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىدىن بۇ يەرگە كېلىپ يەرلەشكەن ئەۋس ۋە خەزرەج ناملىق ئەرەب قەبىلىلىرى ياشايتتى.

ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى يەسرىبكە كەلگەندە بۇ يەرگە ئۇلاردىن ئىلگىرى كېلىپ يەرلەشكەن يەھۇدى قەبىلىلىرىگە بېقىنىپ ياشىغان ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى غەسسانىيلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، تەدرىجى ھالدا يەسرىبتە ئۈستۈن ئورۇنغا يۈكسەلگەن ئىدى. بىراق بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئارىسىدا ئىچكى زىددىيەت پەيدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشتى. دەرۋەقە، «بۇئاس ئۇرۇشى»مۇ بۇ ئۇرۇشلاردىن بىرى ئىدى. شۇنداق بولدىكى، ئەۋس قەبىلىسىدىن بىرەيلەن خەزرەج قەبىلىسىدىن پاناھلىق تىلىگەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، ئەۋس بىلەن خەزرەج ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇش بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا خەزرەج قەبىلىسى يېڭىلدى. بۇ ئۇرۇش پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بەش يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىدى. مەدىنىلىك ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەقەبەدە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. مۇسۇلمانلار توپ ـ توپ بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلدى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەدىنىگە ھىجرەتكە يولغا چىقتى.

مەدىنىلىكلەر ئۇنىڭ مەككىدىن ئايرىلىپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپلا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ھەر كۈنى ئۆيىدىن چىقىپ مەككە تەرەپتىن كېلىدىغان يولغا قاراش ئۈچۈن ئېگىز جايغا چىقىپ ساقلاپ تۇرۇشاتتى. بۇ يەرنىڭ ئىسمى «سەنىييەتۇل ۋەدا» ئېگىزلىكى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار بۇ يەردە ئۇزۇن ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرۈنگەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئۇلار خۇشاللىق ھاياجىنى ئىلكىدە پەيغەمبىرىمىزنى تۆت كۆزدە ساقلاپ تۇردى. ئۇلار مۇنداق بېيىتلەرنى ئوقۇشاتتى:

سەنىييەتۇل ۋەدادىن چىققان تولۇنئاي،
كەلدى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە،
ئۇ بىزلەرنى چاقىرغاچقا ئاللاھقا،
شۈكۈر لازىم ھەممىمىزگە......

ئاياللار ۋە باللار داپ چېلىپ ناخشا ـ قوشاق ئوقۇشتى. كىشىلەر شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەن ئىدى. ھەممە ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا: «تۆگىنى ئۆزىنىڭ يولىغا قويۇپ بېرىڭلار. ئۇ توختايدىغان يەرنى بىلىدۇ» دېدى. تۆگە ئاخىرى ئىككى يېتىم بالىغا تەۋە بىر بوش يەرگە كېلىپ توختىدى. تۆگە توختاپ چۆككەن يەرگە ئەڭ يېقىن ئۆينىڭ ئىگىسى ئەبۇ ئەييۇپ ئەل ـ ئەنسارىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە ئاپاردى ـ دە، مەسجىد قۇرۇلۇشى پۈتكىچە پەيغەمبىرىمىزنى ئۆيىدە يەتتە ئاي مېھمان قىلدى.

www.uyghurkitap.com



**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. سىزنىڭچە، بۇنىڭ مەدىنە شەھرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟

## پەيغەمبەر مەسجىدى (مەسجىدى نەبەۋى)نىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە ئىجتىمائىي رولى

مەدىنىگە كېلىپ تۇنجى قىلغان ئىش بىر مەسجىد بىنا قىلىش بولدى. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئۆيىگە دەۋەت قىلىپ، مېھمان قىلىشتا چىڭ تۇرغانلارغا ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلىپ، ھېچكىمنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن: «تۆگىنى رايىغا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇ بىزنى ئاللاھ رازى بولىدىغان بىر يەرگە ئېلىپ بارىدۇ» دەپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى. تۆگە توختاپ چۆككەن يەرنىڭ ئىگىسى ئىككى يېتىم ئاكا ـ ئۇكىلار بۇ يەرنى ھەقسىز سوۋغا قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز بۇنى قوبۇل قىلمىدى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ يەرنى سېتىۋالدى ـ دە، دەرھال مەسجىد قۇرۇلۇشى باشلاندى.

**بىلەمسىلەر؟**

مەسجىد قۇرۇلۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى.

مەسجىدنىڭ تېگىگە قۇم، تېمىغا كېسەك خىش ئىشلىتىلدى. تۈۋرۈكلىرى خورما ياغىچىدىن تىكلەندى، ئۆگزىسى خورما دەرىخىنىڭ شاخ ـ پۇتاق، غازاڭلىرى بىلەن يېپىلدى. دەسلەپكى قىبلىسى قۇددۇس (ئېرۇسالىم)غا قارايدىغان بۇ مەسجىدنىڭ بىر مېھرابى، شەرق، غەرب ۋە جەنۇپ تەرەپتە بىردىن ئۈچ ئىشىكى بار ئىدى. جەنۇپ تەرەپتىكى تېمىدا «سۇففا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سايىۋەنلىك بار ئىدى. سۇففا كۈندۈزى بىر مەكتەپ سۈپىتىدە ئىشلىتىلەتتى، كېچىسى بۇ يەردە بارغىلى كەلگىلى ئۆيى يوق ئىگە ـ چاقىسىز ساھابىلەر، بويتاقلار، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان تالىبلار يېتىپ قوپاتتى. بۇ يەردە تۇرىدىغانلار «سۇففا ئەھلى» ياكى «ئەسھابى سۇففا» دەپ ئاتىلاتتى. سۇففا ئەھلى ئادەتتە كەمبەغەل كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەل قىلاتتى، باي مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا چاقىراتتى.

قىبلىنىڭ قۇددۇستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشى بىلەن جەنۇپ تەرەپتىكى ئىشىك ئېتىۋېتىلىپ، شىمال تەرەپتىن بىر ئىشىك ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇپ تام تەرەپتىكى سۇففا سايىۋەنلىكى شىمالىي تام تەرەپكە يۆتكەلدى.

مەسجىدنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويىدىن سەل ئېگىز ئىدى. مەسجىدى نەبەۋى (پەيغەمبەر مەسجىدى) دەپ ئاتالغان قۇرۇلۇش پۈتۈشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھمان بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەبۇ ئەييۇپ ئەلئەنسارىينىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، مەسجىدنىڭ تېمىغا ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن يانداپ سېلىنغان ھوجرىغا كۆچۈپ كىردى.

مەسجىدى نەبەۋى جامائەتكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدىغان بىر ئاممىۋى سورۇن ئىدى. مۇسۇلمانلار كۈندىلىك بەش ۋاقىت ناماز، ھەپتىلىك جۈمە نامىزى قاتارلىق ئىبادەتلىرىنى بۇ يەردە ئادا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغنى بۇ يەردە قىلاتتى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرى بۇ يەردە قىلىناتتى. مۇھىم قارارلار بۇ يەردە ماقۇللىناتتى. سىرتتىن كەلگەن ئەلچىلەر بۇ يەردە قوبۇل قىلىناتتى. بۇ مەسجىد مانا مۇشۇنداق بىر ئۇنىۋېرسال ماكان ئىدى.

مەسجىد قۇرۇلۇشى پۈتۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ۋاقتىغا مەسجىدكە دەل ئۈلگۈرۈپ كېلىش مەسىلىسى، يەنى ناماز ۋاقتىنى قانداق بىلدۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. خىلمۇ ـ خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشتى. لېكىن پەيغەمبىرىمىز بۇلارنى خوپ كۆرمىدى. ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ بىن زەيد چۈشىدە كۆرگەن ئەزاننى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى مۇۋاپىق كۆردى ـ دە، بىلال ھەبەشىگە ئۆگەتتى. نەتىجىدە بىز بۈگۈن بىلىدىغان ئەزان نامازغا چاقىرىش ئۈچۈن ئوقۇلۇشقا باشلىدى. مەسجىدى نەبەۋىدە ئەزان ئوقۇش ئۈچۈن ئايرىم بىر جاي تەييارلانغاندى.

**نۆۋەت سىلەردە**

ئىلىم ئۆگىنىدىغان سۇفىلار ئۈچۈن مەسجىدى نەبەۋىگە ياندىشىپ بىر سۇففانىڭ بىنا قىلىنىشى ئىسلامنىڭ قانداق بىر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ؟

## مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداش ئېلان قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ بەش ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسار ئائىلە باشلىقلىرىنى چاقىرىپ بىر يىغىن ئاچتى. بۇيىغىننىڭ مەقسىدى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خاتىرجەم ۋە ئىتتىپاق ياشىشى توغرىسىدا كونكرېت چارە ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىك ۋە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىشكە چاقىردى. مۇھاجىر بىلەن ئەنسارنى قېرىنداش قىلدى. قېرىنداشلىق ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن ھەر ئىككى تەرەپ بىرلىكتە ئىشلەيدۇ، تاپقان كىرىمنى ئۈلۈشىدۇ، ھەتتا بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولىدۇ. لېكىن بۇ قېرىنداشلىقنىڭ مىراسقا مۇناسىۋەتلىك قىسمى بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن نازىل بولغان ئايەت ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى:

«ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر...» (ئەنفال سۈرىسى 75 ـ ئايەت)

ھەر ئىككى تەرەپ بۇ قېرىنداشلىق تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشتى. مەككىلىك ۋە مەدىنىلىك نۇرغۇن مۇسۇلمان ئائىلە شۇنداق قىلىپ ئۆزئارا قېرىنداش بولۇشتى.

ئىمانىنى قوغداش ئۈچۈن مەككىدە ھەممە نېمىسىنى تاشلاپ قويۇپ ھىجرەت قىلغان مەككىلىك مۇھاجىرلارنىڭ ماددىي قىيىنچىلىقى شۇنىڭدىن كېيىن يېنىكلىدى. ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر قەدەم تاشلاندى. ئەنسار بىلەن مۇھاجىرلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار تېخىمۇ كۈچلەندى.

## ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە تىنچلىق ئورنىتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن مەدىنە جەمئىيىتى ئۈشبۇ كىشىلەردىن تەركىب تاپتى:

1. مۇھاجىرلار: مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار
2. ئەنسار: مەدىنىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى ئىسلامغا كىرگەن ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىكى ئەرەبلەر
3. يەھۇدىيلار: مەدىنىدە يەرلەشكەن يەھۇدىيلارنىڭ بەنى قەينۇقا، بەنى نەزىر ۋە بەنى قۇرەيزە قەبىلىلىرى
4. تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەب قەبىلىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسار بىلەن مۇھاجىرنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى. لېكىن ئۇ شەھەردە ياشىغان يەھۇدىي ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەبلەر بىلەن ئورتاق پىكىرگە كېلىپ، شەھەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ساھابىلىرى بىلەن، ھەمدە مۇسۇلمان بولمىغان باشقا ئاھالىلەر بىلەن كۆرۈشتى. نەتىجىدە بىر شەھەر دۆلىتى قۇرۇش ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلدى. مەدىنە جەمئىيىتىنى يېڭىدىن تەرتىپكە سالىدىغان قائىدە ـ نىزاملار يېزىلغان بىر قانۇن لايىھەسى تۈزۈپ چىقىلدى. ئىجتىمائىي كېلىشىم ماھىيىتىدىكى بۇ قانۇندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، ياتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، مەمۇرى ۋە ئەدلىيە نىزامى، شەخسلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى، ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى يېزىلغان ئىدى.

بۇ كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىغا ياردەم قىلىشىنىڭ قانۇن جەھەتتىن ئالدى ئېلىندى. ئەگەر مۇشرىكلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلسا، مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار

www.uyghurkitap.com



بىرلىكتە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش قارارلاشتۇرۇلدى. بۇ قانۇن بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى مۇستەھكەملىنىپ، ھوقۇقى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە جان ـ مال بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەدىنە جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي تىنچلىق ئورنىتىلدى.

**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولسۇن، ياكى مەدىنىدە ياشىغان باشقا خەلقلەر بىلەن بولسۇن، ئۇلار بىلەن قىلغان پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانى نېمە؟

## 2 مۇشرىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

### مۇشرىكلار بىلەن قىلىنغان ئۇرۇش

#### بەدىر

مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىلىك مۇشرىكلار ئارىسىدىكى تۇنجى ئۇرۇش بەدىردە يۈز بەردى. بەدىر مەدىنىنىڭ غەربى جەنۇبىغا 160 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتا بولۇپ، قىزىل دېڭىز ساھىلى بىلەن بولغا ئارىلىقى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى مەككە مەدىنە يولى بىلەن سۈرىيە كارۋان يولى بىرلەشكەن نوقتىغا جايلاشقان. بەدىر قۇدۇقلىرى شۇ زاماندىكى كارۋانلارنىڭ توختايدىغان يېرى ئىدى.

بەدىر ئۇرۇشى مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە يۈز بەردى. مەككىدە مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان زۇلۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش قەستى قاتارلىق ۋەقەلەر مۇسۇلمانلارنى تۇغۇلغان شەھىرىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇرلىغان ئىدى. قۇرەيشلىك مۇشرىكلار مەدىنىدىمۇ مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىجارىتى ۋە ئېتىقادىغا مۇسۇلمانلاردىن بىرەر تەھدىت كېلىپ قالمىسۇن دەپ چارە ـ ئامال ئىزدەۋاتاتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزلىرىنى مەككىلىكلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن كاللا قاتۇرىۋاتاتتى.

ئەبۇ سوفيان مەدىنىلىكلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلغانلىقىغا نارازىلىقىنى بىلدۈردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا مەككىلىكلەر مەدىنىلىكلەرگە قارشى ئىقتىسادىي جازا تەدبىرىنى تۈزۈپ بولغاندەك قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ نىيىتىنى بىلگەن ھالدا مەدىنىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداش نىيىتىدە ئىدى. شۇڭا، مەدىنىگە كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇرەيشكە ئائىت تىجارەت كارۋانلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىدىكى جايلاردىن ئۆتۈشىگە بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەككىلىكلەرگە بۇنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتتى، ھەتتا بەزىدە توقۇنۇشلارمۇ بولدى.

ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى قۇرەيشلىكلەر ئەبۇ سوفياننىڭ يېتەكچىلىكىدە چوڭ بىر تىجارەت كارۋىنىنى سۈرىيەگە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى. ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كارۋاننى مەككىگە قايتىش يولىدىكى بەدىردە توسۇشنى قارار قىلدى ـ دە، تەييار تۇرۇشنى ئېيتتى.

كارۋاننىڭ قايتىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 2 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى (مىلادى 624 ـ يىلى 9 ـ مارت كۈنى) مەدىنىدىن بەدىرگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىنىگە ئابدۇللاھ بىن ئۇممۇ مەكتۇمنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ قويدى. تەخمىنەن 305 كىشىلىك بۇ قوشۇندا يەتمىشكە يېقىن تۆگە بىلەن ئىككى ئات بار ئىدى. بۇ پەيتتە ئەبۇ

سوفيانمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىن يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. ئەبۇ سوفيان دامدام بىن ئامىر ئىسىملىك ئادەمنى مەككىگە ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۆزى بولسا، كارۋاننى تۇزاقتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەدرىگە بارماي، ئاز ئىشلىتىلىدىغان ساھىل يولدا مېڭىپ مەككە ئامان يېتىپ كەلدى.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مەككىلىكلەر ئەبۇ جەھىلنىڭ قوماندانلىقىدا 1000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن بەدرىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ قوشۇندا 100 ئات ۋە 700دەك تۆگە بار ئىدى.

ئەبۇ سوفيان كېيىن كارۋاننىڭ ساق ـ سالامەت قۇتۇلغانلىقىنى، مەككىلىكلەرنىڭ قايتىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەۋەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەبۇ جەھىل «قايتمايمىز!» دەپ چىڭ تۇردى. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا بەدرىگە كەلدى. قۇرئان ـ كەرىمدە بۇ ئەھۋالغا ئىشارەت قىلىنغان:

«ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى). ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى)، ئەلۋەتتە، ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»
(ئەنفال سۈرىسى، 42 ـ ئايەت)

ھىجرىيە 2 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى (مىلادى 624 ـ يىلى 14 ـ مارت) جۈمە كۈنى ئەتىگەندە ئىككى قوشۇن بەدرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. مۇسۇلمانلار بەدىر قۇدۇقلىرىغا بالدۇر يېتىپ كەلدى ـ دە، بىر قۇدۇقنى قالدۇرۇپ، باشقا قۇدۇقلارنى قۇم تۆكۈپ تىندۇرىۋەتتى. ئۇرۇش تەييارلىقىنى تاماملاپ بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلدى:

”ئەي رەببىم! قۇرەيشلىكلەر كىبىر ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كەلدى، ساڭا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى، پەيغەمبىرىڭنى يالغانغا چىقاردى. ئەي رەببىم! پەيغەمبەرلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ. ماڭا بېرىشكە ۋەدە قىلغان غەلىبىنى نېسىپ قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئاللاھىم! ئەگەر مۇشۇ ئازغىنا مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشتا ھالاك قىلساڭ، ساڭا ئىبادەت قىلغۇچىلار قالمايدۇ.“ (ئىبنۇل ئەسىر، «ئەل ـ كامىل»، 2 ـ جىلد، 122 ـ 123)

ئۇرۇش ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئالدى بىلەن مۇبارىزە (رەقىبلەر مەيداندا يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىپ ئۇرۇشۇش) شەكلى بىلەن باشلاندى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى شىددەتلىنىپ، تۆت بەش سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. قۇرەيشتىن 70 ئادەم ئۆلدى. يەنە 70 ئەتراپىدا قۇرەيشلىكنى مۇسۇلمانلار ئەسىرگە ئالدى. مۇسۇلمانلاردىن تۆت كىشى شېھىت بولدى. گەرچە مەككىلىكلەرنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلاردىكى سەۋرى ـ تاقەت، چىدامچانلىق ۋە تاكتىكا بىلەن بىرلىكتە ئاللاھتائالانىڭ پەرىشتىلەر ۋاستىسى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغانلىقىدۇر. دەرۋەقە، قۇرئاندا بۇ ئەھۋال مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

www.uyghurkitap.com



«ئاللاھ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قورالىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار. «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆمىنلەرگە: «پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟» دەيتتىڭ.» (ئال ـ ئىمران سۈرىسى 123 ـ 124 ـ ئايەتلەر)

ئۇرۇشتىن كېيىن مۇسۇلمانلار غەنىيمەتلەرنى يىغدى، ئەسىرلەر بىلەن بىللە مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تاپىلاپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. مۇزاكىرىدىن كېيىن ئەسىرلەر فىدىيە تۆلەش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلدى. فىدىيە تۆلىيەلمىگۈچى ئەسىرلەرنىڭ ھەر بىرى ئون مۇسۇلمان بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ قويسا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار مەككىلىكلەرگە قارشى تۇنجى قېتىملىق غەلىبىسىنى، ھەيۋىتىنى كۆرسىتىپ قويدى. بۇ غەلبىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار تېخىمۇ كۈچلۈك ھالەتكە كەلدى.

## ئوھۇد

بەدىر ئۇرۇشىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، يېقىن ـ يورۇقلىرى ۋە ئورۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان مەككىلىك مۇشرىكلار ئىنتىقام ئېلىش دەردىدە پۇچىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئەبۇ سوفياننىڭ يېنىغا بېرىپ، سودا كارۋىنىدىن تاپقان پۇلنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن خەجلەشنى تەكلىپ قىلدى. ئەبۇ سوفيانمۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. مەككىلىك مۇشرىكلار ھەم بەدىردىكى ئىنتىقامنى ئېلىشنى، ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان سۈرىيە تىجارەت يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى نىيەت قىلىشقانىدى.

مەككىلىك مۇشرىكلار ھەربى كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەككە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەردىن پۇل بېرىش شەرتى بىلەن ياللانما ئەسكەر توپلاشقا باشلىدى. نەتىجىدە 200 ئاتلىق، 3000 تۆگىلىك، 700 نەپەر تولۇق قۇراللانغان ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىق ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان 3000 كىشىلىك ھەربي قوشۇن ئەبۇ سوفياننىڭ قوماندانلىقىدا مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قوشۇننىڭ مەدىنىگە كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ساھابىلىرىنى چاقىردى. ساھابىلەردىن بەزىلىرى مەدىنە ئىچىدە تۇرۇپ مۇداپىئەلىنىشنى تەكلىپ قىلدى. يەنە بەزىلەر مەدىنە سىرتىغا چىقىپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە ئىچىدە تۇرۇپ مۇداپىئەلىنىش تەرەپدارى ئىدى. بىراق، بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان ياشلار بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزە «مەدىنە سىرتىدا مەيداندا ئۇرۇش قىلساق» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. نەتىجىدە زور كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بويىچە مەدىنە سىرتىدا مەيدان ئۇرۇشى قىلىش قارار قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى كىيدى، قىلىچ قالقىنىنى قولىغا ئالدى. مەدىنىدە ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ بىن ئۇممۇ مەكتۇمنى ۋەكىل قىلىپ قويدى. ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان 1000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. يولدا سىلەرگە قوشۇلايلى دەپ كەلگەن 600 كىشىلىك يەھۇدى ئەسكىرىنى سىلىق رەت قىلدى. ئابدۇللاھ بىن ئۇبەي يولدا ”مەن مەدىنە سىرتىدا مەيداندا ئۇرۇش قىلىشقا قارشى ئىدىم. مۇھەممەد ئۇششاق ـ چۈششەك بالىلارنىڭ گېپىگە كىردى، بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىمىدى“ دەپ 300 كىشىلىك ئادەملىرىنى ئېلىپ ئارقىغا قايتىپ كەتتى.

مۇسۇلمانلار ھىجرى 3 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى (مىلادى 625 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) جۈمە كۈنى ئەتىگەندە مەدىنىنىڭ شىمالىدىكى بىر سائەتلىك ئۇزاقلىقتىكى ئوھۇد

تېغىغا ئارقىسىنى قىلىپ يەرلەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قوشۇننى ئۇرۇش قائىدىسى بويىچە يەرلەشتۈرۈپ، بايراقنى مۇسئەب بىن ئۇمەيرگە تۇتقۇزدى. زۇبەير بىن ئەۋۋام ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىق ئەسكەرلەرگە، ھەمزە باشقا ئەسكەرلەرگە قوماندانلىققا تەيىنلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دۈشمەننىڭ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئابدۇللاھ بىن جۇبەيرنىڭ قوماندانلىقىدا ئەللىك نەپەرگە يېقىن ئوقچىنى ئاينەيىن ئىسىملىك ئۆتكەلگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز ئورنىدىن ئايرىلماسلىقنى جېكىلىدى.


ئوقچىلارجايلاشقان ئېگىزلىك

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنى تىرىپىرەن قىلدى. بۇنىڭلىق بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدۇق دەپ ئويلاپ، ئۇرۇشنى تاشلاپ ئالدىراش ھالدا غەنىيمەت يىغىشقا باشلىدى. ئاينەيىن ئۆتكىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوقچىلارمۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدۇق دەپ ئويلاپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ، تۇرغان يېرىدىن ئايرىلدى. مۇسۇلمانلارغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان خالىد بىن ۋەلىد دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئاينەيىندە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېرىدە مۇقىم تۇرغان ئابدۇللاھ بىن جۇبەير ۋە ئۇنىڭ 10 نەپەر ھەمراھى ئۇرۇشتا شېهىت بولدى. ئاندىن خالىد بىن ۋەلىد غەنىيمەت يىغىش بىلەن بەنت بولغان مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا مۇشرىكلارمۇ ئۇرۇش مەيدانىغا قايتىپ يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم باشلىدى. مۇسۇلمانلار قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بۇ پەيتتە ھەزرىتى ھەمزىنى ۋەھشى بىن ھەرب شېهىت قىلدى. ئىبنى قامىئە ئىسىملىك بىر ئادەم قىلىچ ئۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىنى يارىلىدى. قىلىچ زەربىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇبۇلغىسى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ تۆمۈر ھالقىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېڭىكىگە پاتتى. پەيغەمبىرىمىزگە ئېتىلغان بىر تاش ئۇنىڭ لەۋلىرىنى يېرىپ، بىر چىشى چۈشۈپ كەتتى. بۇ پەيتتە مۇسۇلمانلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن بىر ۋەقە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ۋەقە مۇنداق: ئابدۇللاھ بىن قامىئە ئىسىملىك مۇشرىك ئادەم مۇسئەب بىن ئۇمەيرنى ئۆلتۈردى ـ دە، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئوخشىتىپ ”مۇھەممەدنى ئۆلتۈردۈم“ دەپ ۋاقىرىدى. بۇ خەۋەر مۇسۇلمانلارنى قورقۇتۇپ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. لېكىن بۇ خەۋەرنىڭ راست ئەمەسلىكى بىر دەمدىن كېيىن ئايان بولدى ـ دە، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئارامغا چۈشتى.

بوش قالغان جەڭ مەيدانىغا كەلگەن ئەبۇ سوفياننىڭ خوتۇنى ھىند قولى ۋەھشىگە بۇيرۇپ ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قارنىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ چايناپ تۈكۈردى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. كېيىن ۋەھشى مۇسۇلمان بولدى، پەيغەمبىرىمىز ۋەھشىنى ھەر كۆرگەندە بۇ ۋەقە ئېسىگە كېلىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈشنى خالىماي، بىر ئاز يىراق تۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

نەتىجىدە بۇ قېتىم ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن 70 ئادەم شېھىت بولدى. مۇشرىكلاردىن 23 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى.

مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇرۇشتا بەك چىڭ تۇرۇۋالمىدى. ئاخىرىدا ئەبۇ سوفيان جەڭ مەيدانىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىتلەرنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن شۇ كۈنى مەدىنىگە قايتتى. لېكىن قۇرەيشلىكلەرنىڭ راستلا قايتىپ كەتكىنىدىن گۇمانلانغانتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ قايتا كېلىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەتىسى كۈنى قۇرەيشلىكلەرنى كۆزىتىش ئۈچۈن 500 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن مەدىنىگە 16 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى ھەمرائۇل ـ ئەسەد دېگەن جايغىچە بېرىپ، ئۈ يەردە بەش كۈن قوندى.

سانىنى كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كېچىسى مىڭدەك گۈلخان ياقتى. بۇ قېتىمقى سەپەر "ھەمرائۇل ـ ئەسەد غازىتى" دەپ ئاتالدى.

### خەندەك

مۇشرىكلار بىلەن قىلىنغان يەنە بىر ئۇرۇش خەندەك ئۇرۇشىدۇر. بۇ ئۇرۇشتا شەھەرنىڭ ئەتراپىدا تەخمىنەن 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەندەك قېزىلغانلىقى ئۈچۈن خەندەك ئۇرۇشى دەپ ئاتالغىنىدەك، ھەر خىل گورۇھلار بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەھزاب ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتالغان.

خەندەك ئۇرۇشىنىڭ پەردە ئارقىسىدا يەھۇدىيلارنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىنى ئۇرۇشقا كۈشكۈرتكەنلىكىنىڭ رولى چوڭدۇر. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مەدىنىدىكى يەرلىك يەھۇدىي قەبىلىلىرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، شەھەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا بىللە كۈچ چىقىرىش ۋە مۇشرىكلار بىلەن ھەمكارلاشماسلىق توغرىسىدا ئورتاق پىكىرگە كەلگەن. يەھۇدىيلارنىڭ بەنى نەزىر ۋە بەنى قەينۇقا قەبىلىسى بۇ كېلىشىمنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇزۇپ، مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا باشلىدى. بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم تامامەن ئىناۋەتسىز بولۇپ، بەنى نەزىر بىلەن بەنى قەينۇقا مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىرىلدى. مەدىنىدىن چىقىرىلغان يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسمى خەيبەرگە يەرلەشتى. مۇسۇلمانلارغا قارشى ئورتاق قوشۇن تەييارلاش نىيىتىگە كەلگەن بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى مەككىگە بېرىپ قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىردى. ئەبۇ سوفيان ئۇلارنىڭ بۇ چاقىرىقىغا خۇشاللىق بىلەن ئاۋاز قوشتى. بۇ يەھۇدىيلار يەنە غەتافان، سۇلەيم، فەزارە، مۇررە ۋە ئەشجا قاتارلىق بەزى مۇشرىك ئەرەپ قەبىلىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇردى. نەتىجىدە يەھۇدىيلار، قۇرەيشلىكلەر ۋە باشقا مۇشرىك ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ بەزىلىرىدىن تەشكىللەنگەن زور بىر قوشۇن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن توپلانغان 4000 كىشىلىك بىر قوشۇن يولغا چىققاندا يولدا ئۇلارغا قوشۇلغان ئەسكەرلەر بىلەن كۆپىيىپ، مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە سانى 10 مىڭ كىشىگە يەتكەن ئىدى.

بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىنتىپاقدىشى مەككە ئەتراپىدىكى خۇزائە

قەبىلىسىدىن ئەۋەتىلگەن خەۋەرچى ئارقىلىق ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. بۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرنى يىغىپ قانداق ئۇرۇش تاكتىكىسى ئىشلىتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. مەدىنىدە تۇرۇپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى سىرتقا چىقىپ مەيدان ئۇرۇشى قىلىش كېرەكمۇ؟ نەتىجىدە ئوھۇد ئۇرۇشىنىڭ ئەكسىچە، شەھەردە تۇرۇپ مۇداپىئەلىنىش قارار قىلىندى.

ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىرانلىق سالمان پارىسىي مەدىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كەڭ ۋە چوڭقۇر قىلىپ خەندەك قېزىشنى تەكلىپ قىلدى. سالمان پارىسىي ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئىراندا پەقەتلا شەھەرنى مۇھاسىرە قىلغان دۈشمەننىڭ كېچىسى ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۈشمەننىڭ پىيادە ياكى ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنمۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر، مەلۇمات ۋە تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ تەكلىپ مۇۋاپىق كۆرۈلدى-دە، ساھابىلەر دەرھال ھەرىكەتلىنىپ خەندەك قېزىشقا تۇتۇش قىلىشتى.

خەندەكنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ 5.50 كىلومېتىر، كەڭلىكى 9 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 4.50 مېتىر ئەتراپىدا بولغانلىقى تەخمىن قىلىنىغان.

دۈشمەن قوشۇنى مەدىنە ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە خەندەك قېزىش ئىشى تاماملىنىپ بولغان ئىدى. مۇشرىكلار خەندەكنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. قۇرەيش قوشۇنىدىن بىر قانچە كىشى خەندەكتىن ئاتلاپ ئۆتەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ مۇداپىئە سىزىقىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار مۇداپىئە سىزىقىدا دۈشمەنگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. مۇھاسىرە ۋاقتى بارغانسىرى ئۇزىراپ كەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكلىرى تۈگەپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى. شۇڭا بەزىلىرى قايتىپ كېتىش كويىغا چۈشتى. بۇ ئەھۋال مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنىدا ساراسىمە پەيدا قىلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن خەندەكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇش توغرىسىدا كاللا قاتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدىنە شەھرىدە ياشاۋاتقان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى ئىككى تەرەپتىن قىسماققا ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەدىنىنى قورشاشقا سەۋەب بولغان يەھۇدى خۇيەيي بىن ئەختاب بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىۋىشى كەئەب بىن ئەسەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى مۇشرىكلار بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا ئارقىدىن خەنجەر ئۇرۇشقا قايىل قىلماقچى بولدى.

كەئەب بىن ئەسەد دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغانلىقىنى ئېيتىپ، خۇيەيىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ يالۋۇرۇشىغا چىدىيالماي ماقۇل بولدى-دە، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلىدى. بۇ شارائىتتا مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بەنى قۇرەيزەنىڭ كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سائاد بىن مۇئاز بىلەن سائاد بىن ئۇبادەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گۇرۇپپا ئەلچىنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا ئەۋەتتى. ئۇلار يەھۇدىيلارنى كېلىشىمنى بۇزماسلىققا، بۇزۇلغان كېلىشىمنى يېڭىدىن تۈزۈشكە دەۋەت قىلدى. لېكىن، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بۇنى رەت قىلدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارنى شەھەرنىڭ ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش ئۈچۈن چارە-تەدبىر ئىزدەشكە باشلىدى.

بۇ پەيتتە يۈز بەرگەن كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرغان مۇسۇلمانلارغا ئۈمىد نۇرى بولدى. مۇشرىك سېپىدە تۇرغان ئەشجا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى نۇئەيم بىن مەسئۇد ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مەخپىي ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مۇشرىكلارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مەخپىي تۇتۇشنى ئېيتىپ: ”سەن بىزدىن ئايرىم تۇرغىن، چۈنكى ئۇرۇش ھىيلىدۇر“ (ئىبنۇل-ئەسىر، ”ئەل-كامىل“، 2-جىلد، 182) دەپ بەزى ئىشلارنى تاپىلاپ يولغا سالدى. نۇئەيم بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



”قۇرەيشلىكلەر ھەر قانداق بىرەر سەۋەب بىلەن مەككىگە قايتىپ كەتسە، مۇسۇلمانلار بەنى قۇرەيزەنى قاتتىق جازالايدۇ“ دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىدىن بىر كىشىنى گۆرەدە تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نۇئايم دەرھال قۇرەيشلىكلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن مەخپى كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى، قۇرەيشلىكلەردىن بىر ئادەمنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يەھۇدىيلاردىن ھەزەر ئەيلەشنى تاپىلىدى. ئازىراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى قۇرەيشلىكلەردىن بىر ئادەمنى گۆرەگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنى كۆرگەن مۇشرىكلار نۇئايمنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. ئۇلار يەھۇدىيلارغا خەۋەر ئەۋەتىپ گۆرەدە تۇتۇشقا ھېچقانداق ئادەمنى بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى قۇرەيشلىك مۇشرىكلاردىن ئۆزگە ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى.

ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى خائىن دەپ ئەيىپلەشتى. شۇنداق قىلىپ يەھۇدىيلار بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ چاغدا زۇلقەئدە ئېيى كىرىش ئالدىدا ئىدى. زۇلقەئدە ئېيى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردىن بىرى ئىدى. مەككە ئەتراپىدا سودا يەرمەنكىسى ئېچىلىپ، ھەج مەزگىلى باشلىنىشقا ئاز قالغانىدى. بۇ سەۋەبتىن قۇرەيشلىكلەر مەككىگە قايتىشقا نىيەت قىلىشتى. بۇ پەيتتە تۇساتتىن قاتتىق بوران ـ چاپقۇن ۋە قارا قۇيۇن چىقىپ مۇشرىكلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. قۇرئان ـ كەرىمدە بۇ ئەھۋال مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (ئەھزاب سۈرىسى 9 ـ ئايەت)

بوران ـ چاپقۇن بىلەن قارا قۇيۇن مۇشرىكلارنىڭ چېدىرلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئەبۇ سوفيان سۆزگە چىقىپ، مۇھاسىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ چېكىنىشنى بۇيرىدى. مۇھاسىرە تۈگىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلدى.

ھىجرىيە 5 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7 ـ كۈنى (مىلادى 627 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) باشلانغان خەندەك مۇھاسىرىسى 23 كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى (مىلادى 627 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) ئاخىرلاشتى.

خەندەك ئۇرۇشى مۇشرىكلارنىڭ يېڭىلىشى بىلەن خۇلاسىلەندى. بۇ ئۇرۇشتا 6 مۇسۇلمان شېھىت بولدى، مۇشرىكلاردىن 3 كىشى ئۆلدى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ يېڭىلىپ، روھى چۈشكۈن ھالدا قايتىپ كېتىشى ئىسلامىيەتنىڭ ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا تارقىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ ئۇرۇش جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تالانتى يەنە بىر قېتىم نامايەن بولدى.

**نۆۋەت سىلەردە**

مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا پەيغەمبىرىمىز رىئايە قىلغان ئاساسلىق پرىنسىپلار قايسىلار؟

## تىنچلىق مەزگىلى: ھۇدەيبىيە كېلىشىمى

خەندەك ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ھىجرىيە 6 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلغانلىقىنى چۈشىدە كۆردى. بۇ چۈشىنى ساھابىلىرىگە سۆزلەپ بېرىپ، بۇ يىل ئۆمرە ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىشتى.

ھىجرىيە 6 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئابدۇللاھ بىن ئۇممۇ مەكتۇمنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ قويۇپ، 1500 ئەتراپىدا ساھابىلەر بىلەن يولغا چىقتى. مەقسىدى پەقەتلا كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئىدى. نىيىتىنىڭ بۇ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مەدىنىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېھرامغا كىرىپ، يېنىغا سەپەردە لازىملىق نەرسىلەردىن باشقا ھېچقانداق قورال ئالمىدى. قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن يەتمىش تۆگە ھەيدەپ ماڭدى.

مەككىلىكلەر بۇ ئەھۋالدىن خاۋاتىرلىنىپ، گۇمانلاندى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار مەككىگە كىرىشتىن ئاۋال ئۇلارنى كەينىگە قايتۇرۇشنىڭ چارە ـ ئاماللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. مەككىلىكلەر خالىد بىن ۋەلىد بىلەن ئىكرىمە بىن ئەبۇ جەھىلنىڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم ئەسكەرنى مۇسۇلمانلارنى كۆزىتىشكە ئەۋەتتى. لېكىن مۇسۇلمانلار ئۇلار توسقان يولدىن ئايرىلىپ، مەككىگە 17 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى ھۇدەيبىيەگە يېتىپ كەلدى.

مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئەلچى ئەۋەتىشتى. قۇرەيشلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي نىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن خۇزائە قەبىلىسىدىن  بىر قانچە كىشى بىلەن بۇدەيل بىن بارقانى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى، پەقەتلا كەبىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ، بۇنى قۇرەيشكە يەتكۈزۈشنى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەردىن ھىراش بىن ئۇمەييەنى مەككىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ پەقەتلا ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپلا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇرۇش قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈردى. لېكىن مەككىلىكلەر ئۇنىڭغا ناچار مۇئامىلە قىلدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم مەككىلىكلەرگە ھەزرىتى ئۆمەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتمەكچى بولدى. ھەزرىتى ئۆمەر مەككىدە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان تۇغقىنىنىڭ يوقلۇقى، قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى ۋە قاتتىق قوللۇقىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بېرىشنى خالىماي، ھەزرىتى ئوسماننىڭ بېرىشنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئوسماننى مەككىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كەبىنى تاۋاب قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى، لېكىن ئەگەر ئوسمان خالىسا، كەبىنى تاۋاب قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھەزرىتى ئوسمان بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەككىلىكلەر ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ، ئۇنى سولاپ قويدى. بۇ پەيتتە ھەزرىتى ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېگەندەك بىر مىش ـ مىش خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەر سەۋەبى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ بۇ يەردىن كەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە ساھابىلەردىن بەيئەت ئىستىدى. ھۇدەيبىيەدە ئۇلار تۇرغان يەردىكى دەرەخنىڭ ئاستىدا ساھابىلەر ”تاكى غەلىبە قىلغۇچە كۈرەش قىلىش“ توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىزگە بەيئەت قىلدى. بۇنىڭ ئىسمى ”بەيئەتۇل رىزۋان“ (رىزۋان بەيئىتى) دەپ ئاتالدى. قۇرئان ـ كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئاللاھ مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيىدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (فەتھ سۈرىسى 18 ـ 19 ـ ئايەتلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەككىلىكلەر بۇ بەيئەتتىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن قورقۇپ ھەزرىتى ئوسمانىنى دەرھال قويۇۋەتتى. ئارقىدىنلا سۇھەيل بىن ئامر، ھۇۋەيتىب بىن ئابدۇلئۇززا ۋە مىكرەز بىن ھافسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھەيئەتنى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش ئۈچۈن ھۇدەيبىيەگە ئەۋەتتى. ئۆزئارا مۇزاكىرىدىن كېيىن ھۇدەيبىيەدە كېلىشىم ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن:

1. مۇسۇلمانلار بۇ يىل كەبىنى تاۋاپ قىلماي قايتىپ كېتىدۇ. لېكىن كېيىنكى يىلى ئۈچ كۈن تاۋاپ قىلىشقا بولىدۇ. مۇسۇلمانلار مەككىگە كىرگەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ھېچقانداق مەككىلىكنىڭ ئۆلار بىلەن كۆرۈشۈشىگە بولمايدۇ. كەبىنى تاۋاب قىلغىلى كەلگەندە قۇرال ئېلىپ كېلىشكە بولمايدۇ، يەك ـ تاق مۇستەسنا.

2. ئەرەب قەبىلىلىرىدىن خالىغان قەبىلە قۇرەيش بىلەن، خالىغان قەبىلە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىتتىپاقداش بولسا بولىدۇ.

3. مەككىلىكلەردىن پاناھلىق تىلىگەن ھېچقانداق مۇسۇلمان قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ، لېكىن قۇرەيشتىن مۇسۇلمان بولغان بىر كىشى مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلىسە، مۇسۇلمانلار بۇ كىشىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

4. ھەج ۋە ئۆمرە مەقسىتىدە مەككىگە كەلگەن ياكى يەمەن بىلەن تائىفقا بېرىش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر، سۈرىيە ياكى شەرق تەرەپكە بېرىش ئۈچۈن مەدىنىگە بارغانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

5. بۇ كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى 10 يىل. بۇ مۇددەت ئىچىدە قۇرەيشلىكلەر مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلمايدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ قۇرەيشلىكلەرگە ھۇجۇم قىلمايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمۇ بۇ كېلىشىمگە رىئايە قىلىدۇ.

كېلىشىم يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىسىم يېزىپ ئىمزا قويۇش باسقۇچىدا تالاش ـ تارتىش چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىمنىڭ ئاستىغا "رەسۇلۇللاھ مۇھەممەد" (ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد) دەپ يازدۇرۇشى بىلەن مەككىلىكلەر بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، بۇنى "مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ (ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد) دەپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، كېلىشىمنىڭ ئاستىغا مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ دەپ ئىمزا قويدى.

يەنە بىر تالاش ـ تارتىش مەككىلىكلەر "بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم"نىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ قائىدىسى بويىچە "بىسمىكەللاھۇممە" دەپ يازغاندا ئوتتۇرىغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆز تەۋھىدكە خىلاپ ئەمەس دەپ قاراپ قارشى چىقمىدى. ھەزرىتى ئەلى يازغان كېلىشىم تېكىستى ئىككى نۇسخا كۆچۈرۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گۇۋاھچىلىرى بۇنىڭغا ئىمزا قويۇشتى.

كېلىشىم ئىمزالىنىپ بولۇشى بىلەن دەل شۇ چاغدا قۇرەيشتىن كەلگەن ئەلچىلەر ھەيئىتىنىڭ باشلىقى سۇھەيل بىن ئامرنىڭ ئوغلى ئەبۇ جەندەل مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن سولانغان زىنداندىن قېچىپ مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلەپ بۇ يەرگە كەلدى. لېكىن، كېلىشىم مەزمۇنى بويىچە بۇ يىگىت دادىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ھەجنى ئادا قىلالماي ئارقىغا قايتىش، پاناھلىق تىلەپ كەلگەن مۇسۇلماننىڭ قوبۇل قىلىنماي قايتۇرۇلۇشى، "رەسۇلۇللاھ" دېگەن سۆزنىڭ كېلىشىمدە يېزىلماسلىقى قاتارلىقلار ساھابىلەرنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق يېرىم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ، بۇ كېلىشىمنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك پايدا ئېكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ھۇدەيبىيە كېلىشىمى قارىماققا مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا تۈزۈلگەندەك قىلغان بىلەن، ئىسلامنىڭ تېز تارقىلىشى جەھەتتىن مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولدى.

ھۇدەيبىيەدە ئون كۈندىن ئارتۇق تۇرغان مۇسۇلمانلار تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كېتىشتى.

كېيىنكى يىلى ئىككى مىڭدەك مۇسۇلمان كەبىگە كېلىپ خاتىرجەم ھالدا تاۋاپ قىلىپ قايتتى.

# 3 يەھۇدىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن باشلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى يەرلىك ھەم نوپۇزلۇق ئاھالە بولغان يەھۇدىيلار بىلەن بىر كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمدە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار بىر جەمئىيەتتە تىنچ بىرلىكتە ياشاش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يەھۇدىيلار خېلى ئىلگىرىكى زامانلاردىن باشلاپ مەدىنە ۋە شام (سۇرىيە) يولى ئۈستىدىكى بەزى يەرلەرنى ماكان قىلىپ ياشاپ كەلگەنتى. ئۇلار نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى، مال ـ دۇنياسى، يېزا ئىگىلىك، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە سودا ـ سېتىق جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى، بىر پەيغەمبەرگە ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن كىتابقا ئىشىنىشى تۈپەيلى ئۆزىنى يەرلىك خەلقتىن ئۈستۈن كۆرەتتى. ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان شەھەردىكى باشقا خەلقلەرگە دائىم ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپلا ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسى ئىلگىرى يەھۇدىيلار بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىملەرنى شۇ پېتى ئىجرا قىلدى. خائىنلىق قىلماسلىق، دۈشمەنگە ياردەم قىلماسلىق، ھېچقانداق كىشىنىڭ ھەققىگە چېقىلماسلىق شەرتى بىلەن مەدىنىدىكى ئورنىنى، نوپۇزىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە كۈچىيىشى، ئىسلامنىڭ كۈنسېرى تارقىلىشىدىن بىئارام بولۇپ، ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئۈستۈنلۈكى، ئىمتىيازى ۋە نوپۇزىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پات ـ پات ئىسلامغا چاقىراتتى. لېكىن ئۇلار ئىسلام دەۋىتىنى رەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشقا باشلىدى.

مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى تۇنجى بۇزغۇچى قەبىلە يەھۇدىيلارنىڭ بەنى قەينۇقا قەبىلىسىدۇر. بەنى قەينۇقا قەبىلىسى بەدر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنى مەسخىرە قىلىپ، بۇ غەلىبە قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى بىلمەسلىكى تۈپەيلى بولدى دەپ تەشۋىق قىلىشتى.

ئەنسار ئاياللاردىن بىرەيلەن بەنى قەينۇقا بازىرىغا بارغان ئىدى. دۇكاندىكى يەھۇدى ئۇ ئايالنىڭ يوپكىسىنى بىر يەرگە ئىلەشتۈرۈپ قويىدى. ئۇ ئايال ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن يوپكىسى يەرگە چۈشۈپ، ئۇ ئايالنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. بۇنى كۆرگەن يەھۇدىيلار كۈلۈشتى. ئايال ۋاقىراپ پەريات قىلدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مۇسۇلمان ئۇ ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگرەپ كېلىپ، ئۇ ئايالنىڭ يوپكىسىنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن يەھۇدىينى ئۇردى، يەھۇدىي ئۆلدى. ئۇ يەردىكى باشقا يەھۇدىيلار بۇ مۇسۇلماننى شېھىت قىلدى.

يەھۇدىيلار كېلىشىمنى ئىناۋەتسىز قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇرۇشقا تەييارلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، يەھۇدىيلار ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇردى.

بۇ شارائىتتا بەنى قەينۇقا كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 2 ـ كۈنى (مىلادى 624 ـ يىلى 3 ـ 4 ـ ئايلار) مۇھاسىرە قىلدى. قەلئەسىگە بېكىنىۋالغان بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنى مۇسۇلمانلار 15 كۈن مۇھاسىرە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى.

نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارارىغا بويسۇنۇشقا رازى بولۇپ، قەلئەدىن چىقىپ تەسلىم بولدى. بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ كونا ئىتتىپاقدىشى ئابدۇللاھ بىن ئۇبەيي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەدىنىدىن چىقىپ كەتسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



دېدى. بەنى قەينۇقا قەبىلىسىدىكىلەر ماللىرى ۋە قۇرال ـ ياراقلىرىنى تاشلاپ مەدىنىدىن ئايرىلىپ، سۈرىيە تەرەپتىكى ئەزرىئات شەھرىگە بېرىپ يەرلەشتى.

مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە ئاساسەن ھەر ئىككى تەرەپ زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە ماددىي ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى سەھۋەنلىك بىلەن ئىككى يەھۇدىينى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇلارغا خۇن قەرزگە كىرىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىم بويىچە بۇ قان قەرزىنى تۆلەيدىغانلىقىنى، بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ بۇ قان قەرزى تۆلەش ئىشىغا قاتنىشىشىنى ئېيتىپ، ئۆزى شەخسەن ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە باردى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى، قەرزنى (دىيەتنى) ئېلىشقا شېرىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىشىنى ئېيتتى. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىر تامنىڭ تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تاشنى دومىلىتىپ، ئۇنى يەنچىپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۇيىقەستنى سېزىپ قېلىپ، دەرھال ئۇ يەردىن ئۇزاقلاشتى. مۇسۇلمانلارغا بەنى نەزىر قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى بۇيرىدى. مۇھەممەد بىن مەسلەمەنى بەنى نەزىر قەبىلىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، 10 كۈن ئىچىدە مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشنى ئېيتتى. لېكىن بەنى نەزىر قەبىلىسى دەسلەپتە كۆچۈپ كېتىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن ئابدۇللاھ بىن ئۇبەيىنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەدىسىگە ئىشىنىپ كۆچمىدى. ھىجرىيەنىڭ 4 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى (مىلادى 625 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئاۋال كېلىشىم تۈزەيلى دېدى. لېكىن يەھۇدىيلار بۇنى قوبۇل قىلماي، مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ ئوق ۋە تاش ئېتىشقا باشلىدى. مۇھاسىرە 15 كۈن داۋاملاشتى. بەنى نەزىر قەبىلىسى ئابدۇللاھ بىن ئۇبەيي ۋەدە قىلغان ياردەمگە ۋە بەنى قەينۇقا قەبىلىسى يەھۇدىيلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە رازى بولدى.

تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان قۇرال ـ ياراقلاردىن باشقا تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ ماڭغىلى بولىدىغانلىكى بارلىق مال ـ مۈلكى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ مەدىنىدىن ئايرىلدى. كۆپىنچىسى خەيبەرگە يەرلەشتى. يەنە بەزىلىرى سۈرىيە تەرەپلەرگە كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئاقساقلى خۇيەيي بىن ئەھتاب ئائىلىسىنى خەيبەرگە يەرلەشتۈرگەندىن كېيىن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مەككىگە باردى. خەندەك مۇھاسىرىسى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ خىل كۈشكۈرتىشى نەتىجىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

بەنى قەينۇقا ۋە بەنى نەزىر قەبىلىسى مەدىنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شەھەردە يەھۇدىيلاردىن پەقەتلا بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى قالدى. بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى خەندەك ئۇرۇشى ۋاقتىدا بەنى نەزىرنىڭ ئاقساقلى خۇيەيي بىن ئەھتابنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئەڭ قىيىن چاغدا خائىنلىق قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلار خەندەك ئۇرۇشى جەريانىدا شەھەرنى مۇشرىكلارغا قارشى مۇداپىئە قىلىۋاتقاندا  شەھەرنىڭ ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ بۇنداق خائىنلىق قىلىشى ئۇلارنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەھۋالنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خائىنلىق قىلماسلىققا ئۈندىدى. لېكىن بەنى قۇرەيزەنىڭ ئاقساقلى كائاب بىن ئەسەد مۇسۇلمان ئەلچىلەرنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلدى.

خەندەك مۇھاسىرىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇلار ئولتۇرغان مەھەللىنى قورشاۋغا ئالدى. قۇرەيزەلىكلار قەلئەلىرىگە چېكىنىپ كىرىپ كەتكەچ مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىشتى. قورشاۋ ۋاقتى ئۇزارغانسىرى بەنى قۇرەيزەلىكلار قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە ئىزدەشتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. لېكىن ئۇلار بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى ئۆزىنىڭ كونا ئىتتىپاقدېشى سائاد بىن مۇئاز قانداق ھۆكۈم قىلسا شۇنىڭغا رازى بولۇش شەرتى بىلەن

تەسلىم بولدى.

سائاد: "ئەر كىشىلەر ئۆلتۈرۈش جىنايىتى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسۇن، ئاياللار بىلەن باللار ئەسىر ئېلىنسۇن، ماللىرى غەنىيمەت بولسۇن" دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

ھىجرىيەنىڭ 5 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنى (مىلادى 627 ـ يىلى 1 ـ 2 ـ ئايلار) قىلىنغان قۇرەيزە ئۇرۇشى يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن مەدىنە شەھىرى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغان يەھۇدىيلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدى. لېكىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ تەھدىتى يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى.

بەنى قۇرەيزە ۋەقەسىدىن خەۋەر تاپقان خەيبەر يەھۇدىيلىرى خەيبەر، تەيما، فەدەك، ۋادىل ـ قۇرا يەھۇدىيلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەييارلىقىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ھىجرىيە 6 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا ئابدۇللاھ بىن رەۋاھا باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا كىشىنى خەيبەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىدا ئىكەنلىكىنى، خەۋەرنىڭ راستلىقىنى ئېنىقلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلاپ ھىجرىيە 7 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاخىرىدا مەدىنىدىن يولغا چىقتى. ئۈچ كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن مەدىنىگە 150 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى خەيبەرگە يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ياكى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشنى ئېيتتى. لېكىن ئۇلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. 20 كۈنلۈك مۇھاسىرە جەريانىدا يەھۇدىيلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى. لېكىن قەلئەلەر بىر ـ بىرلەپ قولدىن كەتتى. نەتىجىدە خەيبەر فەتھى قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك ئىشلىتىلىشى، ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا بېرىش شەرتى بىلەن يەھۇدىيلارنى قويۇپ بەردى. بۇ كىرىم بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاشتى.

خەيبەر فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن بۇ يەردە بىر قانچە كۈن قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سۇيىقەستكە دۇچ كەلدى. يەھۇدى قەبىلە باشلىقى ھارىسنىڭ قىزى زەينەپ ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۇيىقەستتىن ئامان قالدى. خەيبەر فەتھى جەريانىدا كۆپ مىقداردا غەنىيمەت ۋە ئەسىر ئېلىندى. ئەسىرلەر ئارىسىدا خۇيەيي بىن ئەھتابنىڭ قىزى سەفىيەمۇ بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئازاد قىلىپ، نىكاھىغا ئالدى.

خەيبەر فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ يەنە بىر ئولتۇراق مەركىزى بولغان ۋادىل ـ قۇرانى ھاكىمىيىتىگە ئالدى. ئۇلارمۇ خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا ئوخشاش يىللىق ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا بېرىش شەرتىگە دۇچ كەلدى. خەيبەر قەلئەسى فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن فەدەك يەھۇدىيلىرى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش ئۈچۈن كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ تەھدىت كۈچى ئاجىزلاشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 4 خرىستىئانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

مۇسۇلمانلار دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپلا خرىستىئانلار بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋەت قىلغان ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلارنى بىر بىرىگە قارشى قىلىپ قويغان تۇنجى ۋەقە مۇنداق بولدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىسى ھارىس ىبنى ئۇمەير ئەل ـ ئەزدىنى بىر مەكتۇپ بىلەن ۋىزانتىيەگە قاراشلىق بۇسرا ۋالىيسىغا ئەۋەتتى. ئەلچى مۇئتەگە يېتىپ كەلگەندە ۋىزانتىيەنىڭ باشقا بىر ۋالىيسى شۇراھ ىبنى ئامىر ئەل ـ غەسسانى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا قارشى قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز دەرھال قوشۇن تەييارلاپ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا تەرتىپ بىلەن زەيىد ىبنى ھارىسە، جافەر ىبنى ئەبى تالىب ۋە ئابدۇللاھ ىبنى رەۋاھەنى تەيىنلىدى. بۇسرانىڭ ھۆكۈمدارى شۇراھ ىبنى ئەل ـ غەسسانىيمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى، رۇملارنىڭ ياردىمى بىلەن يۈز مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى. مۇسۇلمانلار قۇددۇس (ئېرۇسالىم)غا تەخمىنەن 34 ـ 35 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەلقا يېنىغا جايلاشقان مۇئتەگە يېتىپ كەلگەندە كۆز ئالدىدا سانى يۈز مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن قوشۇنىنىڭ تەييار تۇرغانلىقىنى كۆردى.

مۇسۇلمانلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. زەيىد، جافەر ۋە رەۋاھە كەينى ـ كەينىدىن شېھىت بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سېپى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. قوشۇنغا قوماندان بولغان خالىد ىبنى ۋەلىد بۇزۇلۇشقا باشلىغان سەپنى ئوڭشاپ، تەرتىپكە سېلىپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. كېچىسى ئۇرۇش توختاتقان ۋە ئەتىسى كۈنكى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتقان خالىد پەرقلىق بىر تاكتىكا قوللىنىشنى نىيەت قىلدى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە قوشۇننىڭ سول قانىتىدىكى ئەسكەرلەر ئوڭ تەرەپكە، ئەڭ تەرەپتىكىلەر سولغا، ئالدى تەرەپتىكى ئەسكەرلەر ئارقىغا، ئارقىدىكىلەر ئالدىغا يۆتكەلدى. بۇ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ كۆزىگە كېچىسى مۇسۇلمانلارغا ياردەمچى قوشۇن كەپتۇ دېگەن تۇيغۇنى سالدى. خالىد ىبنى ۋەلىدنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى دۈشمەننىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇش، بىر ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن ياندۇرۇش ۋە مۇسۇلمان قوشۇنىنى قىرىلىپ تۈگەشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئارقىغا چېكىنىپ چىقىپ كېتىش ئىدى. ھەممە ئىش خالىد ىبنى ۋەلىدنىڭ پىلانىدىكىدەك بولدى. مۇسۇلمانلار تۇيۇقسىز بىر ھۇجۇمدىن كېيىن ئارقىغا چېكىندى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ىبنى ۋەلىدكە بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن "سەيفۇللاھ" (ئاللاھنىڭ قىلىچى) لەقىمىنى بەردى. بۇ ۋەقە ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادى 629 ـ يىلى) يۈز بەردى.

مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشى قىلغان يەنە بىر ۋەقە تەبۇك سەپىرىدۇر. تەبۇك سەپىرى تائىف مۇھاسىرىسىدىن كېيىنكى سەپەردۇر.



مەسجىدى نەبەۋى

سۈرىيەدىن كەلگەن بەزى سودىگەرلەر ۋىزانتىيە پادىشاھىنىڭ خرىستىئان ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى. ئادەتتە ئۇرۇش قىلىدىغان يەرنى مەخپىي تۇتىسمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ۋىزانتىيەلىكلەرگە قارشى قىلىنىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. بۇ ۋاقىت ئۇرۇشقا مۇۋاپىق ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولۇپ، قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق ئاپىتى بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش "غەزۋەتۇل ئۇسرا" (مۈشكۈل غازات) دەپ ئاتالغان.

قىيىن شارائىتتا تەييارلانغان قوشۇن ھىجرىيە 9 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىدا سۈرىيەگە قاراپ يولغا چىقتى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە 778 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى سۈرىيە يولى ئۈستىدىكى تەبۇكقا بېرىپ، ئۇ يەردە قارارگاھ قۇردى. تەبۇكتا 20 كۈن تۇرغان بولسىمۇ، دۈشمەن قارىسىنى كۆرسەتمىدى. مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ تەييارلانمىغانلىقى، مەدىنىگە كەلگەن خەۋەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئايان بولدى.

تەبۇك سەپىرى جەريانىدا بەزى خوشنا دۆلەتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى. كۆپىنچىسىدە خرىستىئانلار، بەزىسىدە يەھۇدىيلار ياشايدىغان جەربا، ئەيلە، ئەزرۇھ، ماقنا ۋە مائان رايونىغا قوشۇن ئەۋەتىپ خەلقى ئىسلامغا چاقىرىلدى. بۇلار ئىسلامغا كىرىشنى رەت قىلىپ، جىزيە (خىراج) تۆلەش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ نەجران رايونىدا كۆپ ساندا خرىستىئانلار ياشايتتى. تارىخچىلار "ئەلچىلەر يىلى" (سەنەتۇل ۋۇفۇد) دەپ ئاتىغان ھىجرىيە 9 ـ يىلى نەجرانلىق خرىستىئانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەۋەتكەن مەكتۇبقا بىنائەن 60 كىشىلىك بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى مەدىنىگە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەكتۇبتا ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىرغان بولۇپ، ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىسا جىزيە (ئامانلىق بېجى) تۆلەش، بۇنىمۇ قوبۇل قىلمىسا ئۇرۇش قىلىشنى ئېيتقان ئىدى.

نەجراندىن كەلگەن ئەلچىلەر ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا مەسجىدى نەبەۋىگە كەلدى. مۇسۇلمانلار ئەمدىلا ناماز ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشقان ئىدى. بۇ چاغدا خرىستىئانلارنىڭمۇ ئىبادەت ۋاقتى كىرگەن بولۇپ، شەرق تەرەپكە قاراپ ئىبادەت قىلماقچى بولۇشتى. بەزى ساھابىلەر بۇنى توسماقچى بولىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلماڭلار دەپ، خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەت قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. كېيىن ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلار: "بىز سەندىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولدۇق!" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 3 ئىشنىڭ ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشتىن توسۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىرىنچىسى: چوشقا گۆشى يېيىش؛ ئىككىنچىسى: كرېستقا چوقۇنۇش؛ ئۈچىنچىسى: تەڭرىنىڭ ئوغلى بارلىقىغا ئىشىنىش.

بۇنى ئاڭلىغان خرىستىئانلار: "ئۇنداقتا ئىسانىڭ دادىسى كىم؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەي سۈكۈت قىلدى. بۇ چاغدا ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە خرىستىئان دىنى توغرىسىدا مەلۇماتلار بولغان ئال ـ ئىمران سۈرىسىنىڭ سەكسەنگە يېقىن ئايىتى ۋەھيي قىلىندى. ئال ـ ئىمران سۈرىسىنىڭ 59 ـ ئايىتى خرىستىئانلارنىڭ ئۇ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ.») "(ئال ـ ئىمران سۈرىسى 59 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقىغاندىن كېيىن يەنە ئال ـ ئىمران سۈرىسىنىڭ 61 ـ ئايىتىدە دېيىلگىنىدەك ئۇلارنى ئۆزئارا لەنەتلىشىشكە چاقىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



«سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى» دېگىن.» (ئال ـ ئىمران سۈرىسى 61 ـ ئايەت)

ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئاڭلىغان نەجرانلىق خىرىستىئانلار: "بىزگە ئازىراق مۆھلەت بېرىڭ، ئۆز ئىچىمىزدە مەسلىھەتلىشەيلى" دەپ ۋاقىت تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە ئۆزئارا لەنەتلەشمەسلىكنى قارار قىلىشتى. ئۆزىنىڭ دىنىدا قېلىش شەرتى بىلەن جىزيە بېرىشكە ماقۇل بولدى. پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن، مىڭ پارچىنى رەجەب ئېيىدا، يەنە مىڭ پارچىسىنى سەپەر ئېيىدا بېرىش بىلەن يىلدا ئىككى مىڭ پارچە كىيىم بېرىش شەرتىدە كېلىشىم تۈزۈلدى.

**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدى، خىرىستىئانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە بىرلىكتە تىنچ ياشاش ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن قانداق ئاساسىي پرىنسىپلارنى قوللانغان؟

## 5 مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتمەيلا مۇشرىكلار بۇ كېلىشىمنى بۇزدى. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان خۇزائە قەبىلىسى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەكىر قەبىلىسى ئارىسىدا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى دۈشمەنلىك بار ئىدى.

بەكىر قەبىلىسىدىن بىرگورۇھ كىشى ھىجرىيە 8 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا بىر كېچىسى تۇيۇقسىز خۇزائە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ 23 كىشىنى ئۆلتۈردى. بۇ ھۇجۇم جەريانىدا قۇرەيشلىكلەر بەكىر قەبىلىسىگە قۇرال ـ ياراق ياردەم قىلدى.

بۇ ئەھۋالدا خۇزائە قەبىلىسىدىن ئامر بىن سالىم بىر گۇرۇپپا ئەسكەرنى ئېلىپ مەدىنىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ بەكىر قەبىلىسى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى ياكى بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەن خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ دىيىتىنى (خۇن ھەققىنى) تۆلەشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر بۇلاردىن بىرىنى قىلمىسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قۇرەيشلىكلەر بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، ئەلچىگە سوغۇق گەپ قىلىپ قايتۇرىۋەتتى. لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ، پۇشايمان قىلغان ھالدا ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئەبۇ سوفيانىنى مەدىنىگە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سوفيان بىلەن كۆرۈشمىدى، تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئەبۇ سوفيان قايتىپ كەتتى.

ئەبۇ سوفيان مەدىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مەككىگە قاراپ ئىلگىرىلەش قارار قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مەخپىي ھالدا تەييارلىق باشلاندى. مەدىنە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە خەۋەر ئەۋەتىپ رامىزان ئېيىنىڭ بېشىدا مەدىنىگە يىغىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇرۇش تەييارلىقى ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇلدى. چۈنكى قۇرەيشلىكلەرنىڭ بۇ ئۇرۇشتىن خەۋەردار بولماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن مۇھاجىرلاردىن خاتىب بىن ئەبۇ بەلتەئا ھەربىي تەييارلىقلار توغرىسىدا مەخپىي خەت يېزىپ قۇرەيشلىكلەرگە ئەۋەتىش ئۈچۈن بىر ئايالغا بەردى. بۇ مەكتۇبنى

ئېلىپ ماڭغان كىشى ئاشكارىلىنىپ خاتىب سوراققا تارتىلدى. خاتىب نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقاندىن كېيىن كەچۈرۈم قىلىندى.

رامىزان ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە تەييارلىقلار پۈتۈپ تەق بولدى. ھىجرىيەنىڭ 8-يىلى رامىزاننىڭ 10-كۈنى (مىلادى 630-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن مەدىنىدىن يولغا چىقتى.

قوشۇن مەككىگە 16 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى مەررۇز-زاھران دېگەن ۋادىغا كېلىپ قارارگاھ قۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرگە كېچىسى ھەر بىر ئادەم بىر گۈلخان يېقىشنى بۇيرىدى. بۇ گۈلخانلارنى كۆرۈپ، كىمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلەلمىگەن مەككىلىكلەر زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەبۇ سوفيياننى ئىككى ھەمراھى بىلەن بىللە ئەۋەتتى. ئەبۇ سوفييان بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنى مۇسۇلمان قاراۋۇللار كۆرۈپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئەبۇ سوفييان خېلى ئىككىلەنگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولدى.

مۇسۇلمانلار تۆت تەرەپتىن مەككىگە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنى جاكاچى قىلىپ تەيىنلەپ، مۇنداق دېيىشنى تاپىلىدى:

"كىمكى ئەبۇ سوفيياننىڭ ئۆيىگە كىرسە بىخەتەر بولىدۇ، كىمكى ئىشىكنى ئېتىپ ئۆيىدە ئولتۇرسا بىخەتەر بولىدۇ. كىمكى مەسجىدى ھەرەمگە كىرسە بىخەتەر بولىدۇ."

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەجبۇر قالمىغۇچە قان تۆكمەسلىكنى بۇيرىدى. مەككە تەسلىم بولدى. مۇسۇلمانلار كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، بۇتلارنى چاقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىدە ئەتراپىغا يىغىلغان كىشىلەرگە مۇنداق دېدى:

"ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. يەقەتلا ئاللاھ باردۇر. ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بەندىسىگە ياردەم قىلدى. (قارشى چىققۇچى دۈشمەنلەرنى) يېگانە ئاللاھ مەغلۇپ قىلدى. دىققەت قىلىڭلاركى، ھەر خىل ئايرىمچىلىق، خۇن دەۋاسى، مال دەۋاسى بىكار قىلىندى. بەيتۇللاھقا قاراش ۋە ھاجىلارغا زەمزەم بېرىش ئىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئەي قۇرەيش ئاھالىسى، ئاللاھ سىلەرگە جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك كىبىرلىك، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىك قىلىشنى مەنئى قىلدى. ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر، ئادەم بولسا لايدىن يارىتىلغان."

"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر."

(ھۇجۇرات سۈرىسى 13-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەي قۇرەيش خەلقى، مېنى سىلەرگە نېمە قىلىدۇ؟ دەپ ئويلايسىلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇلار ھەممىسى بىر ئېغىزدىن "سېنى بىزگە ياخشىلىق قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز، چۈنكى سەن شەرەپلىك بىر قېرىنداشىمىزسەن" دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبىرىمىز: "ئۇنداق بولسا، كېتىڭلار، ھەممىڭلار ئازاد!" دېدى. (ئىمادۇددىن خالىل، "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام"، 253-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئومۇمىيۈزلۈك كەچۈرۈم ئېلان قىلدى. 17 كىشى بۇ كەچۈرۈمدىن مۇستەسنا دەپ قارالغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەچۈرۈم قىلىندى.

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ئىسلامنىڭ تارقىلىش سۈرئىتىنى ئالاھىدە تېزلەتتى ۋە ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى جەريانىدا ئوقىغان خۇتبىنىڭ كۈنىمىز ئۈچۈن قانداق ئەھمىيىتى بار؟

# 6 ئالەمشۇمۇل چاقىرىقنىڭ ئەلچىلىرى

ھىجرىيە 8 ـ يىلى (مىلادى 630 ـ يىلى) مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى، ئاندىن كۈچلۈك قەبىلىلەردىن بىرى بولغان ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، ھىجرىيە 9 ـ يىلىدىكى تەبۇك سەپىرى ئارقىلىق شىمالىي ئەرەبىستانىنىڭ مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىگە كىرىشى بىلەن ئەرەبىستانىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئەلچى ئۆمەكلىرى مەدىنىگە كېلىشكە باشلىدى. ھىجرىيە 9 ـ يىلى نۇرغۇن ئەلچىلەر مەدىنىگە كەلگەن بولغاچقا، بۇ يىل ”سەنەتۇل ۋۇفۇد“ (ئەلچىلەر يىلى) دەپ ئاتالغان. ئەلچىلەر ئۆمىگى ئەۋەتكەن قەبىلىلەرنىڭ سانى 70تىن ئاشقان ئىدى. بۇ قەبىلىلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

سائاد بىن بەكىر قەبىلىسى، تەمىم قەبىلىسى، ھىميەرىلەر قەبىلىسى، بەجىلە قەبىلىسى، تاي قەبىلىسى، ئەسەد قەبىلىسى، تاغلىب قەبىلىسى، فەزارە قەبىلىسى، كىنانە قەبىلىسى، كىندە قەبىلىسى، سەقىف قەبىلىسى، سۇلەيم قەبىلىسى.......

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قىزغىن كۈتىۋېلىنغان بۇ ئەلچىلەرنىڭ مەقسىدى ئاساسەن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش، ئىسلامنى ئۆگىنىش ياكى ئىسلامنى ئۆگەتىدىغان مۇئەللىملەرنى تەلەپ قىلىش ئىدى. لېكىن، ئەلگىرى تىلغا ئېلىنغىنىدەك، مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىپ جىزيە تۆلەش شەرتى بىلەن كېلىشكەنلەرمۇ بار ئىدى، مەسىلەن: نەجران خرىستىئانلىرى ئۆمىگى بۇنىڭ بىر مىسالى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەلچىلەرنى قىزغىن قارشى ئالدى. مېھماندوستلۇقىنى، مەرتىلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلدى. ئۇلارغا شەخسەن ئۆزى خىزمەت قىلدى. بۇ ئەلچىلەر ئاساسەن ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە، ئۇنىڭدىن باشقا سۇففە ۋە مەسجىدنىڭ يېنىدا مېھمانلار ئۈچۈن تىكىلگەن چېدىرلاردا مېھمان قىلىندى.

ھىجرىيە 6 ـ يىلى قۇرەيش بىلەن تۈزۈلگەن تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشكەن ئىدى. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى ئىمزالاپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھۆكۈمدارلارغا، قەبىلە باشلىقلىرىغا، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ ۋە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ۋە ئۇلار ئىدارە قىلىۋاتقان خەلقنى ئىسلامغا چاقىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈردى. دىھيە بىن خەلىفە ئەل ـ كەلبىنى ۋىزانتىيە پادىشاھىغا ئەۋەتتى. ئامر بىن ئۇمەييە ئەد ـ دامرىنى ھەبەشىستان پادىشاھىغا ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ بىن ھۇزەيفە ئەس ـ سەھمىنى ئىران پادىشاھى كىسراغا ئەۋەتتى. خاتىب بىن ئەبى بەلتائانى ئىسكەندىرىيە (مىسىر) ھۆكۈمدارى مۇقەۋقىسقا ئەۋەتتى. شۇجا بىن ۋەھبىنى غاسسان پادىشاھى ھارىس بىن ئەبۇ شەمىرگە ئەۋەتتى، سەلىت بىن ئامرنى يەمامە ۋالىيسى ھەۋزە بىن ئەلىگە ئەۋەتتى. بۇلاردىن باشقا ئەرەب قەبىلە باشلىقلىرىغا، مەشھۇر شەخسلەرگە، خرىستىئانلارغا، يەھۇدىيلارغا ۋە مەجۇسىيلەر (ئوتقا چوقۇنغۇچى ئاتەشپەرەستلەر)گە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىردى. بۇ چاقىرىقنى ئېلىپ بارغان ئەلچىلەردىن بەزىلىرى ياخشى مۇئامىلىگە

ئۇچرىسا، يەنە بەزىلىرى ناچار مۇئامىلە، ھاقارەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىر قانچە مىسالى تۆۋەندىكىچە:
ۋىزانتىيە پادىشاھى ھىرەقلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسىنى ئۆزى شۇ چاغدا تۇرۇۋاتقان قۇددۇس (ئېرۇسالىم)دا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قايتۇردى، لېكىن ئىسلامنى قوبۇل قىلمىدى.
ھەبەشىستان پادىشاھى ئۆزىگە كەلگەن ئەلچى ئامر بىن ئۇمەييە ئەد ـ دامرىنى ياخشى كۈتىۋالدى. ھەتتا ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلارنى بىر كېمىگە چىقىرىپ مەدىنىگە ئەۋەتتى.
ئىران پادىشاھى كىسرا خۇسرەۋ پەرۋىز ئابدۇللاھ بىن ھۇزەيفە ئەس ـ سەھمى ئېلىپ كەلگەن دەۋەت مەكتۇبىنى ھىرەلىك كاتىپقا ئوقۇتتى. مەكتۇپتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنىڭ كىسرانىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدا يېزىلغانلىقىغا غەزەپلىنىپ مەكتۇپنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەلچىنى قوغلاپ چىقاردى.
مىسىر ھۆكۈمدارى مۇقەۋقىس ئەلچى خاتىب بىن ئەبى بەلتائانى ياخشى كۈتىۋالدى، بىراق ئىسلامنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ مارىيە ئىسىملىك بىر چۆرە ۋە باشقا نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى مەدىنىگە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مارىيە بىلەن نىكاھلاندى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغلى دۇنياغا كەلدى.
پادىشاھلارغا يېزىلغان مەكتۇپلار ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا قەلەمگە ئېلىنغاندى. بۇ مەكتۇبلاردىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:
ۋىزانتىيە پادىشاھى ھېرەقلىگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ:
بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم
ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن ۋىزانتىيەنىڭ پادىشاھى ھېرەقلىگە:
ئاللاھنىڭ سالامى توغرا يولدا ماڭغانلارغا بولسۇن! سېنى ئىسلامغا چاقىرىمەن. ئىسلامنى قوبۇل قىلساڭ نىجادلىققا ئېرىشىسەن. ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ، خەلقىڭنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ. «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار.» (ئال ـ ئىمران، 64)
ئىران پادىشاھى كىسراغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇب:
"بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم
ئاللاھنىڭ سالامى توغرا يولدا ماڭغۇچىلارغا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا، ئاللاھتىن باشقا تەڭرى يوقلۇقى ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا بولسۇن! سېنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىرىمەن. چۈنكى مەن تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە كاپىرلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەرمەن. مۇسۇلمان بولساڭ نىجادلىققا ئېرىشىسەن. ئەگەر ئىسلامنى قوبۇل قىلمىساڭ، پۈتكۈل مەجۇسىيلەر (ئوتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ) گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ." («باشلانغۇچتىن كۈنىمىزگىچە بۈيۈك ئىسلام تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 503 ـ 504)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## 7 ۋىدالىشىش ھەججى، ۋىدا خۇتبىسى ۋە ئالەمشۇمۇل چاقىرىقلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 632 ـ يىلى) قىلغان ھەجدە ساھابىلەر بىلەن ۋىدالاشقانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن كەبىنى قايتا تاۋاپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ھەج ۋىدا ھەججى (ۋىدالىشىش ھەججى) دەپ ئاتالغان.

ھىجرىيەنىڭ 10 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا ھەج تەييارلىقلىرى پۈتۈپ، ھەج قىلماقچى بولغانلار مەدىنىگە يىغىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇلقەئدەنىڭ 26 ـ كۈنى (مىلادى 632 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى) ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ، مۇھاجىرلار، ئەنسارلار ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدىن يولغا چىقتى. يېنىدا 100 تۈياق قۇربانلىق تۆگە بار ئىدى. زۇلھۇلەيفە دېگەن يەرگە كەلگەندە پېشىن نامىزىنى (سەپەردە بولغانلىقى ئۈچۈن) 2 رەكئەت ئوقىدى. شۇ كۈنى بۇ يەردە ئېھرام باغلىدى. پەيغەمبىرىمىز زۇلھەججىنىڭ 4 ـ كۈنى يەكشەنبە چۈشتە قەسۋا ئىسىملىك تۆگىسىگە مىنگەن پېتى مەككىگە كىردى. كەبىنى تاۋاپ قىلىپ 2 رەكئەت ناماز ئوقىدى. سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلدى.

زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇسۇلمانلار مىناغا باردى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەراپات تېغىغا چىقتى. قەسۋا ئىسىملىك تۆگىسىدە ئەراپات ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بارغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمانغا خىتاب قىلدى. ئىسلام دەۋتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ مۇھىم خۇتبىسىنى ئوقىدى:

«جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا بولسۇن. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىمىز، ئۇنى مەدھىيىلەيمىز. ئاللاھتىن ياردەم تىلەيمىز. ئاللاھتىن كەچۈرۈم تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا ماڭىمىز. نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن، ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. توغرا يولنى تاللاپ ماڭغان ئادەمنى ئاللاھ توغرا يولغا باشلايدۇ، ئاللاھ توغرا يولغا باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ. خاتا يولنى تاللاپ، شۇ يولدا مېڭىشتا چىڭ تۇرغان ئادەمنى ئاللاھ شۇ يولدا قويۇپ بېرىدۇكى، ھېچكىم ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ بىردۇر، تەڭدىشى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

• ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، سىلەرنىڭ ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىپ، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاللاھقا قارشى چىقماڭلار.

• ئەي ئىنسانلار، سىلەرگە دېگەن سۆزلىرىمنى ياخشى ئاڭلاڭلار. چۈنكى، كېلەر يىلى بۇ يەردە سىلەر بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن.

• ئەي ئىنسانلار، بۇ ھەج كۈنلىرى قانداق مۇقەددەس بولسا، بۇ ئاي قانداق مۇقەددەس ئاي بولسا، بۇ شەھەر قانداق مۇقەددەس شەھەر بولسا، سىلەرنىڭ جېنىڭلار، مېلىڭلار، ئىپپەت ـ نومۇسۇڭلار ۋە شان ـ شەرىپىڭلارمۇ شۇنداق مۇقەددەستۇر. بۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ.

• ساھابىلىرىم، كەلگۈسىدە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىسىلەر. قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭلاردىن سوئال ـ سوراققا تارتىلىسىلەر.

• مەندىن كېيىن بۇرۇنقى خاتا يوللۇقلارغا قايتىپ بىر ـ بىرىڭلارنى قىرغىن قىلماڭلار.

• بۇ ۋەسىيىتىمنى بۇ يەردە تۇرۇپ ئاڭلىغانلار بۇ يەرگە كېلەلمىگەنلەرگە يەتكۈزسۇن! بەلكىم كېيىن ئاڭلىغانلار ھازىر بۇ يەردە تۇرۇپ ئاڭلىغانلاردىن تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىشى مۇمكىن.

• ئەي ئىنسانلار، رەببىڭلار بىر، ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ بىر. ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى. ئادەم بولسا لايدىن يارىتىلغان. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغىنىڭلار ئاللاھقا ئەڭ ئىتائەت قىلىپ، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر. ئەرەب ئەجەمدىن (ئەرەب ئەمەس ئادەمدىن) ئۈستۈن ئەمەس. ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋادارلىقتا، بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭلار. تەبلىغ

قىلدىممۇ؟ ئەي ئاللاھىم، سەن شاھىد بولغىن!» دېيىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئالەمشۇمۇل چاقىرىقنى يەتكۈزدى. (ئىبنى ئابدىرابىبىھ، «ئەل ـ ئىقدۇل ـ فەرىد»، 4 ـ جىلد، 57 ـ 58؛ ياقۇبى، «تارىخ»، 2 ـ جىلد، 109 ـ 110)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئەراپات تېغىغا چىقتى. ئەراپاتتا ئۇنىڭغا ئىلاھىي تەبلىغ ۋەزىپىسىنى تاماملىغانلىقى ھەققىدە ئۇشبۇ ئايەت نازىل بولدى:

«...بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم...» (مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت)

ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ھىجرىيە 1 ـ يىلى زىلھەججە ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى (مىلادى 632 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) مەدىنىگە قايتتى.

**نۆۋەت سىلەردە**

ۋىدالىشىش خۇتبىسىدىكى ئالەمشۇمۇل (پۈتكۈل ئىنسانلارغا خىتاب قىلىنغان) چاقىرىقلار قايسىلار؟

## 8 پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى

ۋىدالىشىش ھەججىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 11 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى (مىلادى 632 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى) ئاغرىپ قالدى. دەسلەپتە قىزىتمىسى قاتتىق ئۆرلەپ كەتتى. لېكىن بۇ ھالەت ئۇنىڭ قىزىتمىسى پەسەيگەن چاغلاردا مەسجىدكە بېرىشىغا، جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. بىر نەچچە كۈن مۇشۇنداق داۋاملاشتى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە مەسجىدكە چىقالىغۇدەك ماغدۇرى بولمىغاچقا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى جامائەتكە ئىماملىققا تەيىنلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنى (مىلادى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) ۋاپات بولدى.


راۋزائى مۇتەھھارا

ساھابىلەردىن نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئىشەنمىدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولدى دېگەن كىشىلەرگە ئاچچىقلىنىپ، قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ:

«رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولدى دېگەن كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن. ۋەللاھى، ئۇ ئۆلمىدى. خۇددى مۇسا پەيغەمبەر تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن قايتا ئۈممىتىنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كەلگەندەك، رەسۇلۇللاھمۇ قىيامەت كۈنىگىچە بۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇش ئۈچۈن، قايتا كېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى» دېدى. (ئىبنۇل ـ ئەسىر، 2 ـ جىلد، 323)

ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن باشقا مۇسۇلمانلارنى ھۇدۇقۇش، تەمتىرەش ۋە ھەيرانلىقتىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى كېلىپ قۇتقۇزدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەبۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەكرى دەرھال مەسجىدى نەبەۋىگە كەلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھوجرىسىغا كىردى. كۆز ياشلىرىنى تۆتالمىدى. كېيىن مەسجىدكە چىقىپ جامائەتكە مۇنداق دېدى:

«ئەي ئىنسانلار، كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چوقۇنغان بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆلدى. ئاللاھقا چوقۇنۇپ، ئاللاھقا بەندە بولۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان ئىنسان شۇنى بىلسۇنكى، ئاللاھ ئەبەدى ھايات، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!» (ئىبنۇل ـ ئەسىر، 2 ـ جىلد، 324)

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قۇرئاندىكى ئۇشبۇ ئايەتنى ئوقىدى:

«مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.» (ئال ـ ئىمران سۈرىسى 144 ـ ئايەت)

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزى ھودۇقۇپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنى تەمكىنلەشتۈردى. دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېيىتىنى سەيشەنبە كۈنى ھەزرىتى ئەلى يۇدى. مۇسۇلمانلار توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ ئۇنىڭ مېيىت نامىزىنى ئىمامسىز ھالدا ئوقىدى. قەيەرگە دەپنە قىلىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ چىقتى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاپات بولغان يېرىگە دەپنە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىشى بىلەن، بۇ مەسىلىمۇ ھەل بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغان يەر ئائىشەنىڭ ھوجرىسىغا دەپنە قىلىندى.



## بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى

ئىلگىرىكى ئىسمى يەسرىب دەپ ئاتالغان مەدىنە ھىجاز رايونىدىكى مۇھىم شەھەرلەردىن بىرى ئىدى. مەدىنىلىك ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەقەبەدە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. مۇسۇلمانلار توپ ـ توپ بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلدى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپلا قىلغان تۇنجى ئىشى مەسجىد بىنا قىلىش بولدى. مەسجىدى نەبەۋى دەپ ئاتالغان پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ نۇرغۇن ئىجتىمائىي رولى بولۇپ، بۇلاردىن بىرسى ئىبادەت قىلىدىغان يەر بولۇشى ئىدى. مۇسۇلمانلار بەش ۋاقىت ناماز ۋە جۈمە نامىزى ئۈچۈن بۇ مەسجىدكە يىغىلاتتى. تەبلىغ بۇ مەسجىدتە قىلىناتتى. شۇنداقلا تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بۇ مەسجىدتە ئېلىپ بېرىلاتتى. مۇھىم قارارلار بۇ مەسجىدتە قىلىناتتى. ھەتتا سىرتتىن كەلگەن ئەلچىلەرمۇ مۇشۇ مەسجىدتە قوبۇل قىلىناتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ بەش ئايدىن كېيىن مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسارلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىننىڭ مەقسىدى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدە ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خاتىرجەم، ئىناق ياشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر تۈزۈش ۋە بۇنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەيغەمبىرىمىز مەككىلىك ۋە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا چاقىردى. مۇھاجىر بىلەن ئەنسارنى قېرىنداش قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھاجىر بىلەن ئەنسارنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلار

ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. ئەمما بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان باشقا يەھۇدىيلار ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئەرەبلەر بىلەنمۇ ھەمكارلىشىپ شەھەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، تىنچ ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ھەم ساھابىلىرى بىلەن، ھەمدە مۇسۇلمان بولمىغان باشقا ئاھالىلەر بىلەن كۆرۈشتى. نەتىجىدە بىر شەھەر دۆلىتى قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلدى. مەدىنە جەمئىيىتىنى يېڭىۋاشتىن تەرتىپكە سالىدىغان قائىدە-تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن لايىھەسى يېزىلدى. ئىجتىمائىي كېلىشىم سۈپىتىدىكى بۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ مەزمۇنى خەلقنىڭ ئىتتىپاقى، ياتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مەمۇرى ۋە ئەدلىيە جەھەتتىكى تۈزۈملەر، شەخسلەر ئىگە بولغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

بۇ پەيتتە مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇرۇش قىلىندى، تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. شۇنداقلا يەھۇدى، خرىستىئانلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت داۋاملاشتى.

كېيىن مەككە فەتھى قىلىندى. ئاندىن كۈچلۈك قەبىلىلەردىن بىرى بولغان ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، ھىجرىيە 9-يىلىدىكى تەبۇك سەپىرى ئارقىلىق شىمالىي ئەرەبىستاننىڭ مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىگە كىرىشى بىلەن ئەرەبىستاننىڭ ھەر تەرىپىدىن ئەلچىلەر مەدىنىگە كېلىشكە باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قىزغىن كۈتىۋېلىنغان بۇ ئەلچىلەرنىڭ مەقسىدى ئاساسەن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش، ئىسلامنى ئۆگىنىش ياكى ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىملەرنى تەلەپ قىلىش ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەلچىلەرنى قىزغىن قارشى ئالدى. مېھماندوستلۇقنى، مەرتلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 10-يىلى (مىلادى 632-يىلى) قىلغان ھەجدە ساھابىلەر بىلەن ۋىدالاشقانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن كەبىنى قايتا تاۋاپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ھەج ۋىدا ھەججى (ۋىدالىشىش ھەججى) دەپ ئاتالدى. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمانغا خىتاب قىلدى. بۇ خىتاب ۋىدا خۇتبىسى دەپ ئاتالدى. ۋىدالىشىش ھەججىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 11-يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 29-كۈنى (مىلادى 632-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى) ئاغرىپ قالدى. دەسلەپتە قىزىتمىسى قاتتىق ئۆرلەپ كەتتى. لېكىن بۇ ھالەت ئۇنىڭ قىزىتمىسى پەسەيگەن چاغلاردا مەسجىدكە بېرىشىغا، جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. بىر نەچچە كۈن مۇشۇنداق داۋاملاشتى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە مەسجىدكە چىقالىغۇدەك ماغدۇرى بولمىغاچقا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى جامائەتكە ئىماملىققا تەيىنلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 13-كۈنى (مىلادى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى) ۋاپات بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بۇ بابنى كۆزدىن كەچۈرەيلى

1. ھىجرەتتىن ئىلگىرى مەدىنىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ.
2. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق كۈتىۋالدى؟
3. مەسجىدى نەبەۋى قانداق مەقسەتتە بىنا قىلىندى؟
4. مەككىلىك ۋە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ھەمكارلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەر قوللىنىلغان؟
5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە سۆزلىگەن خۇتبىدىكى مۇھىم نوقتىلار قايسىلار؟ بۇلارنى ئىزاھلاڭ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. «مەدىنە»نىڭ كونا ئىسمى نېمە؟
A) ئەۋس
B) قۇرەيزە
C) يەسرىب
D) خەزرەج

2. مەدىنىدە پەيغەمبىرىمىزنى دەسلەپتە ئۆيىدە مېھمان قىلغان ساھابە كىم؟
A) ئەبۇ ئەييۇپ ئەل-ئەنسارى
B) زەيىد بىن ھارىسە
C) مۇسئەب بىن ئۇمەير
D) ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى

3. «سۇففە» دېگەن نېمە؟
A) بىر مەسجىدنىڭ ئىسمى
B) بىر قەبىلىنىڭ ئىسمى
C) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى
D) مەسجىدى نەبەۋىنىڭ بىر قىسمى

4. مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەر نېمە دەپ ئاتالغان؟
A) ئەنسار
B) قەينۇقا
C) ئەۋس
D) مۇھاجىر

5. مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن قىلىنمىغان ئۇرۇش تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟
A) بەدىر
B) ئوھۇد
C) قەينۇقا
D) خەندەك

6. ئەبۇ سوفيان قاچان مۇسۇلمان بولدى؟
A) بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن
B) ئوھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن
C) خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن
D) مەككە فەتھى قىلىنىۋاتقان چاغدا

7. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج ۋەزىپىسىنى قاچان ئادا قىلدى؟
A) 629-يىلى
B) 630-يىلى
C) 631-يىلى
D) 632-يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەيغەمبىرىم



# 4-باب

# شەخسىيىتى ۋە ئۆلگە بولۇشى

1. قۇرئان-كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

2. ئىسلامنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگە ئىكەنلىكىنى بىلىش

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ئەخلاقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بۇ باب ھەققىدە

بۇ بابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قايسى تەرەپتىن بايان قىلىنغان. قۇرئان ـ كەرىمدىكى پەيغەمبىرىمىزگە ئائىت ئۇچۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى ئىكەنلىكى ھاياتىدىكى مىساللار ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلىنغان.

## ئۆگىنىش نىشانى

بۇ بابنى تۈگەتكەندىن كېيىن،

1. قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزنى بىر ئىنسان سۈپىتىدە تىلغا ئالغان ئايەتلەرنى بىلىسىلەر.
2. قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزنى بىر پەيغەمبەر سۈپىتىدە تىلغا ئالغان ئايەتلەرنى بىلىسىلەر.
3. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىشىلىك ھەرىكەتتىكى سىلىق ـ سىپايىلىقى، يۇمشاق خۇيىنى ھېس قىلىسىلەر.
4. پەيغەمبىرىمىز ئىش ـ ھەرىكىتىدە رىئايە قىلغان پرىنسىپلارنى ئۆگىنىسىلەر.
5. پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئەل ـ ئەمىين» (ئىشەنچلىك ئادەم) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىسىلەر.
6. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەۋرى ـ تاقىتىنى مىسال بىلەن بايان قىلالايسىلەر.
7. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى ھەدىسنى ئىزاھلىيالايسىلەر.
8. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانداق ئەھۋاللاردا ساھابىلەر بىلەن كېڭەشكەنلىكى، مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرەلەيسىلەر.

## بۇ بابنى ئۆگەنگەندە

1. بابنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆگىنىش نىشانىغا يەتكەن يەتمىگەنلىكىڭلارنى داۋاملىق ئويلاڭلار. ئەگەر نىشانغا يېتەلمىگەن بولساڭلار، خام قالغان مەزمۇنلارنى قايتا ئوقۇپ تەكرارلاڭلار.
2. ئۆگىنىش ئۈچۈن پەقەتلا بۇ كىتاب بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماڭلار. كىتابنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنىڭ مەنبە تىزىملىكى بار. شۇ تىزىملىكتىن بەزى كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇڭلار.
3. كىتابتىكى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىنى تېپىپ كۆرۈڭلار، بىلىمىڭلارنى تولۇقلاڭلار.

# 1 قۇرئان ـ كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

بۇ تېمىدا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىنسان ۋە بىر پەيغەمبەر سۈپىتىدە قۇرئان ـ كەرىمدە قانداق بايان قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## ئىنسان ئىكەنلىكى

قۇرئان ـ كەرىم سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۇنى باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاللاھتىن ۋەھيى ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەيدۇ:

«مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن.» (ئىسرا سۈرىسى 93 ـ ئايەت)

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر...» (كەھف سۈرىسى 110 ـ ئايەت)

«سەن ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ...» (فۇسسىلەت سۈرىسى 6 ـ ئايەت)

**ئويلاپ باقايلى**

قۇرئان ـ كەرىمدە نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىنسان ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن؟

قۇرئان ـ كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نورمال ئىنسانىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، بۇ جەھەتتە باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ، بۇ ئەھۋالنى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولغان «ئۆلۈم» بىلەن ئىپادىلىگەن.

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (ئىنسانلاردىن) ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق، سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدۇ؟ ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر...» (ئەنبىيا سۈرىسى 34 ـ 35 ـ ئايەت)

«سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ.» (زۇمەر سۈرىسى 30 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىنسان ئىكەنلىكى، مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى داۋاملىق تەنقىت قىلىشىغا سەۋەب بولغان. مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان ـ كەرىم بۇنى مۇنداق تىلغا ئالغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



”«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق.» (ئىسرا سۈرىسى 94 ـ 95 ـ ئايەتلەر)

«(مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتىشتى: «(بازارلاردا بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى؟ يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمەپتۇ، يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلمەپتۇ.» زالىملار (يەنى كاپىرلار): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى. مۇشرىكلارنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار ئازدى، توغرا يول تاپالمايدۇ. ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە چوڭ سارايلارنى ئاتا قىلاتتى.» (فۇرقان سۈرىسى 7 ـ 10 ـ ئايەت)

**نۆۋەت سىلەردە**

ئىنسانلارنىڭ ۋەھيىنى چۈشىنەلىشى ۋە ھاياتىغا تەدبىقلىشىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر ئىنسان بولۇشى قانداق رول ئوينىغان؟

### پەيغەمبەر ئىكەنلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك زامانىدا ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان، شۇنداقلا سۆزلىگەنلىرىنى ئۆزى بىۋاستە ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ ئىجرا قىلىشتا ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان. ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ چىداپ بەرداشلىق بەرگەن. قەتئىي ئىرادە ۋە سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئىش قىلغان. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ دائىرىسى قۇرئان ـ كەرىمدە ئېنىق بىلدۈرۈلگەن:

«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ.» (مائىدە سۈرىسى 67 ـ ئايەت)

«...پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت (ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى) چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.» (ئەنكەبۇت سۈرىسى 18 ـ ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە كۆرگىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ”تەبلىغ“ قىلىشتۇر. ئۇ، ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىلەرنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىپ بىلدۈرۈشكە مەسئۇل بولغان.

«سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. ھەقىقەتەن بىز سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۆمىنلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن.» (فەتىر سۈرىسى 23 ـ 24 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

«سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيي نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار. (ئۇلارنى ئۇلارنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) دەلىللەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق)، بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق.»
(نەھل سۈرىسى 43 ـ 44 ـ ئايەتلەر)

يۇقىرىقى ئايەتتە بىلدۈرۈلگەندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول باشلىغۇچى رەھبەر، يېتەكچىدۇر.

ئايەتلەرگە ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەر تاشلىغاندا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى كىشىلەرگە يول كۆرسىتىش ۋە بۇ جەھەتتە شەخسەن ئۆزى ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولۇش ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

قۇرئان ـ كەرىمدە ئاللاھۇتائالا پەيغەمبەرلىككە تاللىغان بۇ بەندىسگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى بىجا كەلتۈرۈش داۋامىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنىمۇ ئېسىگە سالغان. مەسىلەن: ئىنسانلار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىق، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق، رەنجىتمەسلىك توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن.»
(ئەنئام سۈرىسى 52 ـ ئايەت)

ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن ئۆزى جاۋابكار. پەيغەمبەر بولۇش دېگەنلىك باشقا ئىنسانلارنىڭ قىلمىشىغا شېرىك بولۇش دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. ھەر كىشى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئىشلارغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. قۇرئان ـ كەرىمدە بۇ ئەھۋال تىلغا ئېلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن ۋەھيىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىنى ئېتىۋالغان ئادەملەر ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغانلىقى، لېكىن بۇنىڭدىن ئېشىپ ياردەم قىلالمايدىغانلىقى، چۈنكى، ئۇ ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگۈچە، پەيغەمبەرنىڭ ئۇلار ئۈچۈن غەم قىلىشىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى يوقلۇقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تۆۋەنكى ئايەت بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ:

«ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەڭ، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن). ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنىدى؟» (ئەبەسە سۈرىسى 5 ـ 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر)

**ئويلاپ باقايلى**

ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن ۋەھيىگە ئىمان ئېيتسا، پەيغەمبىرىمىز قانداق ھېس ـ تۇيغۇدا بولۇشى مۇمكىن؟

يەنە باشقا بىر ئايەتتە ئىسلامغا دەۋەت قىلىنغان مۇشرىكلارنىڭ ئىنكار ۋە ئىسيانلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قارىتا بولغانلىقى تەكىتلىنىپ، بۇ

www.uyghurkitap.com



ئەھۋالدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىقى تەۋسىيە قىلىنغان:
«ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن)، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى، سەن ھەرگىز (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدىغانلاردىن بولمىغىن.» (ئەنئام سۈرىسى33 ـ 34 ـ 35 ـ ئايەتلەر)

ئىنسانلارغا مېھرىبان، كۆيۈمچان ۋە سەۋرچان بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنىڭ بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتىشىغا يەتمەيدىغانلىقى، ھەر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن ئېتىقادىنى تاللايدىغانلىقى، قىلمىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغانلىقى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بىلدۈرۈلگەن:

«شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.» (قەسەس سۈرىسى 56 ـ ئايەت)

«(ئى پەيغەمبەر ئېيتقىنكى) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر كەلدى، كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا ئۆزىگە پايدا، كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا (يەنى باش تارتسا) ئۆزىگە زىيان. مەن سىلەرگە (ئەمەلىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان) كۆزەتچى ئەمەسمەن (پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن).» (ئەنئام سۈرىسى 104 ـ ئايەت)

«كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر، ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن زەرەرىمۇ ئۆزىگىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر.» (فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەت)

«ھېچبىر گۇناھكار ئادەم باشقا بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ، سەن پەقەت پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرالايسەن، كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ. ئاخىر قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.» (فەتىر سۈرىسى 18 ـ ئايەت)

**ئويلاپ باقايلى**

قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىنسان ۋە بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

# 2 ئىسلامنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگە ئىكەنلىكىنى بىلىش

ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى (سۈننىتى) بىلەن ئىنسانلارغا ئۆلگە، ئۆرنەك بولغانلىقىدۇر. ئاللاھۇتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى پۈتۈن ھالەتتە ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىپ، بۇنى ئۆرنەك قىلىشنى بۇيرىغان. قۇرئان-كەرىمدە بۇ مەزمۇن ھەر خىل سەۋەب بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە ئۇنى ئۆلگە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن:

«سىلەرگە-ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە- رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» (ئەھزاپ سۈرىسى 21-ئايەت)

شۇنداقلا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئالامىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئۇنى ياخشى كۆرۈش دەپ قارالغان:

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرسۇن، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلسۇن. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (ئال-ئىمران سۈرىسى 31-ئايەت)

«كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.» (نىسا سۈرىسى 80-ئايەت)

## ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا ئۆلگە بولۇشى

**ئويلاپ باقايلى**

ئىبادەت دېگەندە قايسى خىل ئىش-پائالىيەتلەر كۆزدە تۇتىلىدۇ؟

ئىبادەت كەڭ مەنىدە ئىنسانلارغا چەكسىز مول نېمەتلەرنى بەرگەن ئاللاھقا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى تونۇش ۋە بارلىق ئەمىر-پەرمانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى، ئىبادەت دېگىنىمىز ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتتۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىبادەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەر قانداق ئىش-ھەرىكەت پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغاندا ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى بولىدۇ. بۇ پەقەت ئىنساننىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكىتىنى تەۋھىد پرىنسىپى ئاساسىدا قىلالىشىغا باغلىقتۇر. يەنى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھالدا ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش تاماسىدا قىلىش كېرەك. بۇنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلالىغان كىشى ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئىبادەت ھەققىدىكى ئۆلچەم ـ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىشارەت قىلىنغان:

«ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەققەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەققەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن. بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ). ئاللاھ ھەققەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ ھەققەتەن يالغانچىنى، (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» (زۇمەر سۈرىسى 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر)

«ئېيتقىنكى، «مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ھەمدە (بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم». ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، شۈبھىسىزكى، بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلسام، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنى جەھەننەم ئوتى بىلەن ئازابلىشىدىن قورقىمەن)». ئېيتقىنكى، «دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن.» (زۇمەر سۈرىسى 11 ـ 14 ـ ئايەتلەر)

**بىلەمسىلەر؟**

قۇرئان ـ كەرىمدە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىكى ئۇسۇل، چارە، مېتود ۋە ئۆلچەم ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىپ، پەيغەمبىرىمىز بۇ جەھەتتە ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىشكە، ئۆگىتىشكە بۇيرۇلغان.

ئىبادەت ئۇقۇمى ئالدى بىلەن تەرتىپلىك ئوقۇلىدىغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىبادەت سۆزى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن ئەقلىمىزگە مۇشۇلار كېلىدۇ. لېكىن، ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، دىنىمىزدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىنىغان ھەر قانداق گۈزەل ئىش ـ ھەرىكەت ھەممىسى ئىبادەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. داۋاملىق قىلىنىغان ئىبادەتلەر ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى مەنىۋى يېقىنچىلىقنى مۇستەھكەملەيدۇ، ئىنساننى دائىم ئاگاھلىق بولۇشقا، ياشاشنىڭ مەقسىدىنى ئۇنۇتماسلىققا ئۈندەيدۇ. بۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىمۇ قۇرئان ـ كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ۋە رەھبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ:

«(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.» (تاھا سۈرىسى 132 ـ ئايەت)

«(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيي قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەققەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.» (ئەنكەبۇت سۈرىسى45 ـ ئايەت)

### كىشىلىك ھەرىكەتتە ئۆرنەك بولۇشى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بىللە ياشىغان ئىنسانلارغا قارىتا كەڭ قوساق، ئەپۇچان ۋە سىلىق ـ سىپايە ئىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەر قوپاللىق، ئەدەبسىزلىك قىلغان چاغدىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئەدەبسىزلىكىنى

مۇۋاپىق ئۇسۇلدا سىلىق تۈزىتىش ئۈچۈن چارە ئىزدەيتتى. كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىرىنى يۈزىگە سالمايتتى. تەنقىد قىلىدىغان ئىنسانلارنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىۋاستە تەنقىت قىلماستىن، يېپىق بىر ئۇسۇلدا چاندۇرماي خاتالىقنى تەنقىت قىلاتتى.

كىشىلەرگە باھا بەرگەندە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى ۋە مال ـ مۈلكىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئىنسانلارنى باراۋەر ياراتقان دېگەن نوقتىئىنەزەردە تۇرۇپ باھالايتتى. بۇ جەھەتتە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى تاما قىلغان قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۇنىڭدىن كۈتكەن مۇئامىلە تۆۋەندىكى ئايەتتە چۈشەندۈرۈلگەن:

«ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن.»
(ئەنئام سۈرىسى 52 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى مۇئامىلىدە قۇرئان ـ كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پرىنسىپلار دائىرىسىدە ئىش قىلغان.

ھۇد سۈرىسىدە «...ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن» (ھۇد، 112 ـ ئايەت) بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن ئېتىقاندا راستچىل بولۇش ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ھاياتىدا داۋاملىق رىئايە قىلىپ كەلگەن بىر دەستۇر ئىدى. ”راستچىل، توغرا بولۇڭلار. توغرا يولغا باشلاڭلار“ (ئىبنى ھەنبەل، 4 ـ جىلد، 231) دېگەن سۆزى بىلەن ئىنسانلارغا پەقەت شۇ كىشىنىڭ راستچىل، توغرا بولۇشىنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشى مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ”توغرا يولدا، راستچىللىقتا چىڭ تۇرۇڭلار، چۈنكى راستچىللىق كىشىنى ياخشىلىققا باشلايدۇ. كىشى راستچىل بولغانسىرى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىددىق (راستچىل) دەپ يېزىلىدۇ. توغرا يولدا ماڭغان راستچىل كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ. (يالغاندىن يىراق تۇرۇڭلار) يالغانچىلىق كىشىنى يامان يولغا باشلايدۇ. يامان يول كىشىنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ.“ (بۇخارى، ”ئەدەب“، 69؛ مۇسلىم، ”بىرر“، 103) دېيىش ئارقىلىق ياخشى ۋە يامان ئىشنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا يىپ ئۇچى بېرىپ، ئىنسانلارنى بۇ جەھەتتە ئاگاھلاندۇرغان، ئۆزىمۇ ئۆمۈر بويى راستچىللىقتىن ئايرىلمىغان، بۇ ھەقتە كىشىلەرگە ئۈلگە بولغان.

قۇرئان ـ كەرىمدە ئىشارەت قىلىنغان ۋە پەيغەمبىرىمىز سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان يەنە بىر خۇسۇسىيەت بولسا باغرى يۇمشاق بولۇشتۇر. ”غەزەپلەنگەندە ئاچچىقلانمىغان، يۇمشاق خۇيلۇق بولۇپ سەۋر قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ.“ (ئەلى ناسىف، ”ئەت ـ تاج“، 5 ـ جىلد، 177) دېيىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى يۇمشاق خۇيلۇق بولۇشقا چاقىرغان.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: ”ئاللاھ مېھرى ـ شەپقەتلىكتۇر، ھەر قانداق ئىشتا شەپقەتلىك ۋە يۇمشاق خۇيلۇق بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.“ (مۇسلىم، ”بىرر“، 77) دېگەن. يەنە ”كۈچلۈك ئادەم دېگەنلىك مۇشتلىششتا باشقىلارنى يەڭگەن كىشى ئەمەس، بەلكى غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان كىشىدۇر.“ (بۇخارى، ”ئەدەب“، 76؛ مۇسلىم، ”بىرر“، 107) دېگەن سۆزى بىلەن يۇمشاق خۇيلۇق بولۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى، لېكىن قانداق قىلىپ بولمىسۇن يۇمشاق خۇيلۇق بولۇشقا تىرىشىشنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ بۇنداق بولۇش ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەتتا غەزەپلىنىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھەققىدە ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكەن: ”سىلەردىن بىرىڭلار غەزەپلەنگەندە ئۆرە تۇرغان بولسا، دەرھال ئولتۇرسۇن. ئاچچىقى يانسا ياخشى. ئەگەر ئاچچىقى يانمىسا ياتسۇن.“ (ئەبۇ داۋۇد، ”ئەدەب“، 4) دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەمتەرلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم نوقتىدۇر. ئۇنىڭ دېيىشىچە، "قەلبىدە زەررىچىلىك ھاكاۋۇرلۇق بولغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ." بىر ئادەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: "ئەي رەسۇلۇللاھ، كىشى ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنىڭ چىرايلىق، ئاياقلىرىنىڭ يارىشىملىق بولۇشىنى خالايدۇ." رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: "ئاللاھۇتائالا گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. كىبىر ۋە ھاكاۋۇرلۇق بولسا، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، باشقىلارنى ھېقىر (كىچىك) كۆرۈش، چوڭچىلىق قىلىشتۇر." (مۇسلىم، "ئىمان"، 147) يەنى، ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرنى كىشىلەر ئۆزئارا كۆز ـ كۆز قىلىش، چوڭچىلىق قىلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلەتمەي، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان شەكىلدە كەمتەرلىك بىلەن قوللىنىش كېرەك. كىشىلەرگە چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، باي ياكى نامرات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنتايىن كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھۇتائالا ماڭا كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇشۇڭلارنى بىلدۈردى. ھەرگىز بىر ـ بىرىڭلارغا ماختانچاقلىق قىلماڭلار، زۇلۇم قىلماڭلار!" (مۇسلىم، "جەننەت"، 64) دەپ نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ماختانچاقلىق، چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئىنتايىن خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

"مېھرى ـ شەپقەت قىلمىغان كىشىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىنمايدۇ." (بۇخارى، "ئەدەب"، 18) دېيىش ئارقىلىق رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشنى تەكىتلىگەن. كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتلەردە كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئادالەتلىك، ئادىل، ھەققانىي بولۇشمۇ قۇرئان ـ كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان گۈزەل ئەخلاقتۇر:

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» (مائىدە سۈرىسى 8 ـ ئايەت)

پەيغەمبىرىمىز پۈتكۈل ھاياتىدىكى ئىش ـ ھەرىكىتى، سۈننىتىدە بۇ جەھەتتە ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن ھېساب ئالغۇچىدۇر.» (نىسا سۈرىسى 86 ـ ئايەت)نىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىش قىلىپ ئۆزىدىن مەيلى كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن، ھەممە كىشىگە سالام بېرىپ، خوشخۇي مۇئامىلە قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بۇنى ئەدەب ـ ئەخلاق پرىنسىپى قىلىپ ئەمەللەشتۈرگەن ۋە ئۆزى بۇ جەھەتتە ھەممە كىشىگە ئۈلگە بولغان.

ھەممە ئىشتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.» (ئىسرا سۈرىسى 29 ـ ئايەت)نىڭ ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىنىشىنى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ ئۈلگە بولغان.

ئايەت ۋە ھەدىس دائىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئەلۋەتتە يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇلاردىن بىر قىسمى "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ئەخلاقى" ناملىق بابتا بايان قىلىنىدۇ.

**ئىزدىنىدىلى ـ ئۆگىنىدىلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە قايسى نوقتىلارغا دىققەت قىلغانلىقىنى ھەدىسلەرگە قاراپ ئۆگىنەيلى.

**پەيغەمبىرىمىزنى قانداق ئۈرنەك قىلىمىز؟**

(تەقلىد قىلىمىزمۇ؟ ياكى ئۈلگە قىلىمىزمۇ؟)

**ئويلاپ باقايلى**

تەقلىد قىلىش بىلەن ئۈلگە قىلىش ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟

كىشىنىڭ ئۆگىنىشىدە ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرسى ئۈرنەكتۇر. كىشىنىڭ بىر ئىش ـ ھەرىكەتنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قانداق قىلىنغانلىقىنى كۆرۈشى، ئۇنىڭ بۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىۋېلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**بىلەمسىلەر؟**

خالىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، خالىمىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى يوق قىلىشتا ئۈرنەك (ئۈلگە)نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ياشىغان زاماندا ۋە كېيىنكى زامانلاردا ئۆزىگە ئەگەشكەن مۇسۇلمانلارغا شەخسىيىتى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى (سۈننىتى) بىلەن ئۈرنەك بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈرنەك قىلىش دېگەندە ئۇنىڭ ئىنسانلاردا بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۈلگە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ سۈننىتىنى ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىمىزغا تەدبىقلاپ شۇ بويىچە ياشىساق، پەيغەمبىرىمىزنى ئۆزىمىزگە مودېل، ئۈرنەك قىلغان بولىمىز. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش دېگەنلىك نۇقۇل ھالدا شۇ زاماندىكى ئىشلارنى، شەرت ـ شارائىتلارنى، شەكىللەرنى شۇ پېتى كۆنىمىزگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدىكى سەۋەب ۋە نىشانلارنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ راستچىللىقى، ئادالىتى، مېھرى ـ شەپقىتى، سىلىق ـ سىپايىلىقى، تەمكىنلىكى، تىنچلىقپەرۋەرلىكى، كەڭ قورساقلىقى، يۇمشاق خۇيى،



مەسجىدى نەبەۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خۇشخۇيلۇقى، ئىشچانلىقى، مەرتلىكى، پاكىزلىقى... قاتارلىقلارنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك، ئۈلگە قىلىشىمىز كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ.

دۇنيانىڭ قەيېرىدە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، راستچىللىق، ئادالەت، تىنچلىقپەرۋەرلىك قاتارلىقلار ھەممىشە ماختاشقا لايىق ئېسىل خىسلەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆرنەك بولۇشىدا بۇلارغا سەل قارىماسلىق كېرەك. يەنى، پەيغەمبىرىمىز ئېيتقان سۆزلەر، قىلغان ئىشلارنى توغرا چۈشىنىپ، ھاياتىمىزغا توغرا تەدبىقلاش ئۈچۈن، ئۇ سۆزلەر ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ دېيىلىش ياكى ئىجرا قىلىنىش سەۋەبى، شەرت-شارائىتى قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئېلىش لازىم. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز ئۆزى داۋاملىق قىلىدىغان، كىشىلەرنىمۇ قىلىشقا تەشۋىق قىلىدىغان، ئەگەر تەس كەلمىسە ھەر نامازدىن ئىلگىرى قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتىم دېگەن بىر ئىش مسۋاك ئىشلىتىش (بۇخارى، «جۇمە»، 8؛ مۇسلىم، «تاھارەت»، 42) چىش تازىلىقىغا دىققەت قىلىشنى تەكىتلەشنىڭ بىر ئۆرنىكى ياكى مىسالى بولالايدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇ جەھەتتە ئىنسانلارنى پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرۈشنى كۆزلىگەن، چۈنكى پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. ئۇنداقتا بىزنى بۇ خىل پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرۈشنى كۆزلىگەن پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇل چارىسى ۋە ۋاستىسىنىمۇ ئېنىق بىلدۈرگەنمۇ؟ ياق، ئۇنداقتا پاكىزلىققا ئادەتلەنگەندە ئىشلەتكەن ۋاستە ۋە قۇراللار پۈتۈنلەي شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا بولۇشى كېرەك. پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا بۇ ئىشقا ئەڭ مۇۋاپىق قۇرال «مسۋاك» دەرىخىنىڭ شاخ-پۇتاقلىرى بولغان بولسا، كۈنىمىزدە مسۋاكقا قوشۇمچە قىلغان ھالدا ھەر خىل چىش چوتكىسى، چىش دوختۇرلىرى تەۋسىيە قىلىدىغان چوتكىلار بىلەن چىش پاستىسى قاتارلىقلار بار. ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مسۋاك ئىشلىتىشىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ چىش تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان سۈننىتىنى ئۆرنەك قىلىش لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەيلى ئىبادەتلەردە ياكى تۇرمۇشتىكى ئىشلاردا بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇشقا تىرىشقانلىقىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە تەسلىكنى ئەمەس، ئاسانلىقنى خالايدىغانلىقىنى (مائىدە 6؛ ھەج 78؛ ئەھزاب 38) ئېيتقان بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىككى ئىشقا يولۇققاندا قايسى ئاسان بولسا، شۇنى تاللاشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: مەككە فەتھى قىلىنغاندا بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئاللاھ ساڭا مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىنى نېسىپ قىلسا، پەلەستىندىكى بەيتۇل مۇقەددەستە ناماز ئوقۇشقا قەسەم قىلغانىتىم» دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «نامازنى بۇ يەردە ئوقۇش تېخىمۇ پەزىلەتلىك» دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى مەيمۇنەمۇ: «ئەي رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا مەككىنىڭ فەتھىنى نېسىپ قىلسا، قەسەم قىلىمەنكى، بەيتۇل مۇقەددەستە ناماز ئوقۇيمەن» دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغىمۇ: «بۇنداق قىلىشقا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مەيمۇنە: «يېنىمغا مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنى ئېلىپ بارىمەن» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «بۇنداق قىلىشقىمۇ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. بەيتۇلمۇقەددەستىكى شامدانلاردىكى چىراقلار ئۈچۈن ياغ ئەۋەتكىن، شۇ يەرگە بارغاندەك بولىسەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەيمۇنەنىڭ ھەر يىلى پەلەستىن بەيتۇلمۇقەددەستىكى شامدان چىراقلار ئۈچۈن ياغ پۇلى ئەۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. (ۋاقىدى، 2-جىلد، 866) پەيغەمبىرىمىز: «قەيەردە ئاسانلىق بار بولسا، شۇ يەردە گۈزەللىك بار. ئاسانلىق يوق يەردە سەتلىك بار» (مۇسلىم، «بىرر» 77) دېيىش ئارقىلىق ئاسانلىق پرىنسىپىنى تەكىتلىگەن.

**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى سۈننەتلىرىنى ئۆرنەك قىلغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار

# 3 پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ئەخلاقى

بۇ تېمىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن بەزى مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ ۋە كۆنىمىزدە بۇ مىساللارنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا قانداق نامايەن بولۇشى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئويلاپ باقايلى**

كىمگە نېمە ئۈچۈن ئىشەنچ قىلىسلەر؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن "ئىشەنچلىك كىشى" دەپ ئاتالغاندۇ؟

## ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى لەقىمى "ئەل ـ ئەمىين" (ئىشەنچلىك ئادەم) ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى، ئۇمۇ باشقىلارنىڭ بۇ ئىشەنچىسىنى يەردە قويمايتتى. (ئىبنى سائد، 1 ـ جىلد، 156)

"يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى (ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنى) ئاگاھلاندۇرغىن" (شۇئارا، 214 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولۇشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا ئېگىزلىكىگە چىقىپ: "ئەي قۇرەيش ئاھالىسى، ئەگەر مەن سىلەرگە بۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا شەھەرنى ئىشغال قىلماقچى بولغان دۈشمەن قوشۇنى كېلىپ بارگاھ قۇرۇپتۇ دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇ يەردىكىلەر: "شۇنداق، ئىشىنىمىز، چۈنكى سېنىڭ يالغان گەپ قىلغىنىڭنى كۆرۈپ باقمىدۇق." دەپ جاۋاب بېرىشتى. (ئىبنى سائد، 1 ـ جىلد، 200)

**بىلەمسىلەر؟**

ئىمان ئېيتقان ۋە ئىمان ئېيتمىغان ھەممە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل ۋە ئىشەنچلىك "ئەمىين" ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇنى ھەممە كىشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن يىراققا سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشىلەر قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئامانەت قويۇپ ماڭاتتى.

تىجارەتتە پايدا تېپىشنى كۆزلىگەن كىشىلەرمۇ كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنى ئىزدەيتتى. چۈنكى ئۇ دۇرۇس، ئىشەنچلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كارۋاننىڭ كىرىمىدىن قىلچىلىك يانچۇقىغا سېلىۋالماستىن، تاپقان پۇلنى ئەڭ راستچىل ھالەتتە كارۋان خوجايىنىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى. (سارىچام، 2003، 78)

ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ۋە نۇپۇز تىكلىشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل، ئىشەنچلىك بولغانلىقىنىڭ مۇھىم رولى بار. ئىشەنچىسىز ئادەمنىڭ ئەتراپىدىن بۇنچىلىك كۆپ ئەگەشكۈچى تەرەپدار توپلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جەھەتتە كىشىلەرگە ئۈلگە، مودىل بولغان. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقە، تۇرمۇشتىكى ھەر قايسى ساھەدە ئىشەنچ تۇيغۇسى بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگىچە، مائارىپتىن ئىقتىسادقىچە بولغان ھەر ساھەدە ئىنسانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىشەنچلىك بولۇشى بىلەن ئۇلۇغ تاناسىپ بولىدۇ، يەنى قانچە ئىشەنچلىك بولغانسىرى شۇنچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، ئىشەنچىسىز بولغانسىرى بازىرى كاساتلىشىدۇ. ئىشەنچ تۇيغۇسى تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەمما يۇقىلىشى ئاسان بولغان بىر تۇيغۇدۇر. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسە ئەرزىيدۇ. لېكىن بۇ داۋاملىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ھەر خىل ئېھتىماللىقلار بىلەن يۇقالغان ئىشەنچنى كېيىن قايتا قولغا كەلتۈرۈش بەك تەس. بۇ جەھەتتە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ئۈرنەك قىلىشىمىز، ھەر قانداق ئەھۋالدا بىزگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماسلىقىمىز كېرەك.

**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى بىلەن ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.

## سەۋرچانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنى ئېنىق تەھلىل قىلىپ، توغرا قارار چىقىرىش، مەسىلىنى ھەل قىلىش (ئۆزىنى يۇقىتىپ قويماسلىق) جەھەتتە ھەممىمىزگە ئۈلگە بولىدىغان بىر مۇھىم سۈننىتى بولسا "سەۋرى ـ تاقەت، چىدامچانلىق". پەيغەمبىرىمىزگە نىسبەتەن سەۋر (سەبىر)، دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرگە قايتۇرۇلغان تۇنجى ئىنكاس بىلەن ئۇيغۇن تاناسىپ ھالەتتىكى بىر ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتۇر. رىۋايەت قىلىنىغان ئۇشبۇ ۋەقە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ "سەۋر" ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشى بىزگە "سەۋر"نىڭ نېمىلىكىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قەبرە بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بىر ئايالغا: "ئاللاھتىن قورقىن، سەۋرى قىلغىن" دېگەندە، ئۇ ئايال: "يۇقال كۆزۈمدىن! مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن مۇسىبەت سېنىڭ بېشىڭغا تېخى كەلمىدى" دەپ جاۋاب بەرگەن. كېيىن باشقىلار بۇ ئايالغا ئۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، بۇ ئايال پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى تونىيالماي قوپال گەپ قىلىپ سالغىنىغا ئەپۇ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "سەۋر پەقەت مۇسىبەت دەسلەپ باشقا كەلگەندە بولىدۇ" دېگەن. (بۇخارى، "جەنائىز"، 32، 43)

سەۋرى ـ تاقەتسىز ئىش ـ ھەرىكەتلەر دېگىنىمىز ئادەتتە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندە ئارتۇق ئويلانمايلا قىلىپ سالغان، ئەقىلنى ئەمەس ھېسسىياتنى ئاساس قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: غەزەپلىنىپ ۋاقىراش ـ جاقىراش، ئۇرۇپ چېقىش قاتارلىقلار. بۇ خىل ئىش ـ ھەرىكەتلەر كۆرگۈچىنى ۋە قارشى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ، ئۈركۈتىدۇ. ئەكسىچە، سەۋرى قىلىش بىلەن قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ئومۇمەن ئىنكاسسىزلىق ئەمەس، بەلكى مۇۋاپىق ئۆلچەملەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاچچىغىنى بېسىۋالغان ئادەم كېيىن پۇشايمان قىلىدۇرىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماسلىققا، كۆڭۈلنى بىئارام قىلدۇرىدىغان ئىشنى قىلماسلىققا تىرىشىدۇ. سەۋرى ـ تاقەت مانا مۇشۇ چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش كىشىنىڭ توغرا ئانالىز قىلىش، توغرا قارار قىلىش قابىلىيىتىنى ئىشلىتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا كىشى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىنكاسىنى كېيىن ئويلىغان چېغىدا پۇشايمان قىلىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ ئىشنى ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئىلگىرىكىدەك ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "غەزەپلەنگەن چېغىدا ئاچچىغىنى يېڭەلىگەن، نەپسىنى باشقۇرالىغان كىشىنىڭ ھەقىقىي پالۋان، باتۇر ھېسابلىنىدىغانلىقى"نى ئېيتقان. (بۇخارى، "ئەدەب"، 76؛ مۇسلىم، "بىرر"، 107)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرلىكتە بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ نۇرغۇن قايغۇلۇق ئىشلارغا دۇچ كەلگەن. ھەزرىتى پاتىمەدىن باشقا بارلىق باللىرى پەيغەمبىرىمىز ھايات چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنداق مۇسىبەتلەردە قاتتىق قايغۇرۇپ يىغلىغان پەيغەمبىرىمىز ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا ئۇدۇلىدىكى تاغقا قاراپ: "ئەي تاغ، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن مۇسىبەت سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن

بولسا يىقىلىپ چۈشەتتىڭ. لېكىن بىز ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىدەك "بىز ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز، ئاللاھقا قايتىمىز، ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر" دەيمىز دەپ، بۇ ئەڭ چوڭ مۇسىبەتكە قانداق سەۋر قىلغانلىقىنى نامايەن قىلغان. (بەلازۇرى، 1 ـ جىلد، 452)

پەيغەمبىرىمىز يەنە تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئۇچرىغان تىل ـ دەشنام، ھاقارەتلەرگە سەۋرى قىلىپ، قەتئىي بەددۇئا قىلمىغان. تائىف سەپىرىدە مۇشرىكلار ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ قان چىققۇدەك يارىدار قىلغان چاغدىمۇ ئۇلارغا قەتئىي بەددۇئا قىلماي، ئاللاھنىڭ ئۇنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىدەك (ئەنبىيا، 107) بىر ھەقىقەتنى ئەمەلىيىتىدە نامايەن قىلغان.

**بىلەمسىلەر؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋر قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئىش قىلماي جىم تۇرۇپ ساقلاپ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك ئەمەسلىكىنى، بەلكى شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن سەممىي ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش جەريانى ئىكەنلىكىنى شەخسەن ئۆزى بىۋاستە تەجرىبە بىلەن كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيىنچىلىقلار ئالدىدا باش ئەگمىگەن، سەۋر قىلىشنىڭ تەس ئىكەنلىكى، لېكىن ئىنساننى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدىغان ئاقىۋەتلىرىنىڭمۇ بارلىقى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ھوزۇرغا ئېرىشتۈرىدىغان بىر تەربىيىلەش ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ئۈگەتكەن. سەۋر ـ تاقەتچان بولۇشقا ئادەتلىنىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلغان. چۈنكى، ئىلىمسىزلىك كىشىنى ئالدىراقسانلىق تۈزىقىغا چۈشۈرۈپ، كۆڭلىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، ۋەقەلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كۆرەلمەي، پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ شەكىلۋاز مۇئامىلە قىلىشقا، توغرا قارار چىقىرالماسلىققا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆزىمىزگە ماياك قىلىدىغان بىزلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى قىيىنچىلىقلارغا قانداق سەۋر بىلەن تاقابىل تۇرغانلىقى، سەۋر قىلغاندا قايسى پرىنسىپلارغا دىققەت قىلغانلىقىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

**ئىزدىنەيلى ـ ئۆگىنەيلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋر ـ تاقەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللارنى ئىزدەپ تېپىپ، بۇلارنىڭ بىزگە نېمىلەرنى ھېس قىلدۇرغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىڭلار.

### ۋاقىتنى ياخشى پايدىلىنىش

ۋاقىتنى ياخشى پايدىلىنىش جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان ـ كەرىمدىكى پرىنسىپلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا قانداق ئىجرا قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىش كېرەك. ئالدى بىلەن بۇ ھەقتە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟ شۇنىڭغا قاراپ باقايلى. قۇرئان كەرىمدە ۋاقىت، يەنى "زامان" بىلەن قەسەم قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

"زامان بىلەن قەسەمكى، ئىنسانلار ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدىدۇر." (ئەسر سۈرىسى، 1 ـ 2 ـ ئايەت)

ۋاقىت ئىنتايىن قىممەتلىك بىر بايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى، يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن قايتا تېپىۋالغىلى بولمايدۇ. ھەممە كىشىنىڭ كۈندە 24 سائەت، ھەپتىدە يەتتە كۈن ۋاقتى بار. ۋاقىتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بار، يەنى توختىماستىن ئېقىپ كېتىدۇ. ئۇنى تۇتۇۋالغىلى، ئامبارغا سولاپ قويغىلى، تەكرار كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ. داۋاملىق سەرپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىپ، خەجلەپ تۇرىمىز. شۇڭا، ۋاقىتنى ياخشى پىلانلاپ، باشقۇرۇپ پايدىلىنىش كېرەك. بۇ جەھەتتە قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزگە قىلىنغان بىر نەسىھەت بار بولۇپ، بۇ پەيغەمبەرگە قارىتىلغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئىنسانلارغا دېيىلگەن نەسىھەتتۇر:

"... ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار، ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار. ئۇنداقتا، بىر ئىشتىن بوشىغان چېغىڭدا يەنە بىر ئىشنى قىلغىن. رەببىڭگە يۈزلەنگىن." (ئىنشىراھ سۈرىسى 5 ـ 8 ـ ئايەتلەر)

بۇ نەسىھەتكە ئاساسەن كىشىلەر ۋاقىتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشى، داۋاملىق ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى، بىر ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دەرھال يەنە بىر ئىشنى باشلىشى كېرەكلىكى بىزگە بىلدۈرۈلمەكتە. پەيغەمبىرىمىز كىشىنىڭ ۋاقىتنى كۈندىن كۈنگە ياخشى پىلانلاپ، بۈگۈننى تۈنۈگۈندىن ياخشى ئىشلىتىش، بەرىكەتلىك پايدىلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

**نۆۋەت سىلەردە**

ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلىنىش ھەققىدىكى ھەدىسلەردىن قايسى پىرىنسىپلارنى يەكۈنلىگىلى بولىدۇ؟

### مەسلىھەت، كېڭىشىش

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان، "(مۇسۇلمانلار) ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدۇ." (شۇرا سۈرىسى 38 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ روھىنى ئەمەلىي تۇرمۇشىدا كۆرسەتكەن.

پەيغەمبىرىمىز گەرچە ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ئىشلاردىمۇ باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغان. "بىلمىسەڭلار بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار." (نەھل سۈرىسى 43 ـ ئايەت)نىڭ روھى بويىچە ئىش قىلغان. بۇ نوقتىدا "ھۆرمەت قىلىش" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى شەرھىلەش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك پەقەتلا سۆزدە ياكى شەكىلدە ھۆرمەت قىلىش دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ بىر پۇزىتسىيە، مۇئامىلىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، كىشىلەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىڭىزنى ئېغىزىڭىزدا سۆزلەپ، ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىنى بىردىنبىر توغرا دەپ قاراپ، ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلسىڭىز، بۇ تولۇق مەنىدە "ھۆرمەت قىلىش" بولمايدۇ. ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئىچىدە مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش، ھەمكارلىق، ياردەملىشىش قاتارلىق ئامىللارمۇ بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا (ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك) نۇرغۇن ئىشلاردا مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش پىرىنسىپىغا ئالاھىدە رىئايە قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرتىۋىنى ساقلاش ۋە كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇش جەھەتتە مۇھىم بىر سۈننەتتۇر.

**بىلەمسىلەر؟**

بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ساھابىلەرنىڭ پىكرى ئېلىنىدى. ئاخىرىدا ھەممەيلەنگە پايدىسى تېگىدىغان بىر قارار ماقۇللاندى. بىلگىنىڭلاردەك، ئەسىرلەر قۇتۇلۇش ئۈچۈن يا فىدىيە بېرىدۇ، ياكى بولمىسا 10 بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ قويىدۇ ـ دە، ئازاد بولۇپ يۇرتىغا قايتسا بولىدۇ. خەندەك ئۇرۇشىدا خەندەك قېزىش پىكرىمۇ كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەت قىلىش، كېڭىشىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ ئەھۋال مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتىكى ... 

ئۇنىڭدىن باشقا مەسلىھەتلەشكەندە قانداق پوزىتسىيە ۋە مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش كېرەك. ئۇ ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە تۆۋەندىكى ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، ئىنسانلارغا مېھرى-شەپقەتلىك، يۇمشاق ۋە سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلاتتى:

"ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ." (ئال-ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت) چۈنكى ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى بىزلەر ئۈچۈن ئۈلگە بولىدىغان بىر سۈننەتتۇر.

### دەۋاسىدا چىڭ تۇرۇشى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىككە تەيىنلەنگەندىن باشلاپلا بارلىقىنى بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىگە ئاتىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل، سەممىيلىكى، ۋەزىپىسىنى بىلىشى، ھوقۇقىنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق بىلىپ، توختىشى كېرەك بولغان يەردە توختىشى قاتارلىقلار ئۇنىڭ دەۋاسىغا قانچىلىك سادىق ئىكەنلىكىنىڭ سىرتقى نامايەندىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋاسىغا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچى تۈپەيلى ھەر قانداق مەنپەئەت ياكى شەرت ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمەستىن ئاخىرقى نىشانىغا بېرىشتا قەتئىي ئىرادە بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان ئىدى. ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرغان چاغدىمۇ، مۇشرىكلار ئۇنىڭ تاغىسىنى ئۇنىڭغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ بۇ دەۋادىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنى بېرىشنى ۋەدە قىلغان چاغدىمۇ، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن تاغىسىغا:

"جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، شۇ ئىلاھىي تەبلىغ ۋەزىپەمدىن ۋاز كېچىشىم ئۈچۈن ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزۇپ قويسىمۇ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلمايمەن. ماڭا رەببىم ئاللاھ كۇپايە!" (ئىبنى ھىشام، 1 ـ جىلد، 265 ـ 266) دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ دىن دەۋاسىدا قانچىلىك چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئۇنى بۇ ئىشقا بارلىقىنى بېغىشلاشقا ئۈندىگەن نەرسە، ئۆزىنىڭ دەۋاسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسى ئىدى. بۇ يولدا قىلچە ئىككىلەنمەي، بارلىق خېيىم-خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ يولغا چىقتى. بۇ جەھەتتە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسى، راستچىللىقى بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن. شەخسەن ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان دىنغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، باشقا ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغاندا، ئۆگەتكەندە نەتىجە قازانغان. ئۇ ئۆزى سۆزلىگەننى ئۆزى قىلىپ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسەتتى. سۆزى بىلەن قىلغىنى بىر بولمىسا قانداقمۇ نەتىجە قازىنالىسۇن؟! بۇ پوزىتسىيە ئىنسانلار ئۈچۈن مۇھىم ئۆرنەك: كىشى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ توغرىلىقىدا چوڭقۇر ئىشىنىشى كېرەك. شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىز ھېچقاچان ئۈمىتسىزلەنمەي، چۈشكۈنلەشمەي، ھەر ۋاقىت سەۋرى-تاقەت، چىدام-غەيرەت، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن يولىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، سۈننىتىگە رىئايە قىلغان ئىنسانلارمۇ پەيغەمبىرىمىزدەك ئىرادىلىك، تىرىشچان بولۇشى، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەسلىكى، ھەرگىز ئۈمىتسىز بولماسلىقى كېرەك.



**نۆۋەت سىلەردە**

ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ ئىرادىلىك ۋە قەتئىي بولۇشى قانچىلىك مۇھىم؟ دېگەننى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار.

www.uyghurkitap.com



## كىشىلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىقى

**ئويلاپ باقايلى**

ئىنسانلار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىش مۇناسىۋەتلەرگە قانداق تەسىر قىلىدۇ؟

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام "(ئى مۇھەممەد) سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خوشخەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى جەھەننەمدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق." (سەبەئە سۈرىسى 28 ـ ئايەت) ۋە باشقا نۇرغۇن ئايەتلەردە تەكىتلەنگەندەك پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتۇر. ئۇ دەۋەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر خىل يىغىلىشلارنى تەشكىللىگەن، ھەر يەردە، ھەر قانداق ئەھۋالدا تەبلىغنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ بۇ دەۋەتنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەندە كىشىلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلمىغان. باي ـ نامرات، ئاق تەنلىك ـ قارا تەنلىك، ئەر ـ ئايال، قۇل ـ قۇلدار، ... قاتارلىقلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئايرىپ ئولتۇرماستىن دەۋىتىنى ھەممەيلەنگە ئوخشاش يەتكۈزگەن.

ئۇ ئىنساننى مەركەز قىلغان. ئىنسانلارنى كەمسىتىشكە قەتئىي قارشى تۇرغان. ھەبەشىستانلىق نىگىر بىلال پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەززىنى بولغان. ئىلگىرى قۇل بولغان زەيد بىن ھارىس كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولغان.

پەيغەمبىرىمىز ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە ئىنسانلار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشنى رەت قىلىدىغان تۆۋەندىكى مەنىلىك سۆزلەرنى ئېيتقان:

"ئەي ئىنسانلار، رەببىڭلار بىردۇر. ئاتاڭلارمۇ بىر. ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى. ئادەم بولسا لايدىن يارىتىلغان. شۈبھىسىز، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ مەرتىۋىلىك كىشى، ئاللاھقا ئەڭ تەقۋادارلىق قىلىدىغان كىشىدۇر." (ۋىدالىشىش خۇتبىسى، ئىبنى ھىشام، 11 ـ جىلد، 601) بۇ ئەھۋال پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگە بولۇشى كېرەك. "ئى ئىنسانلار، سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا قارشى چىقماڭلار" (نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. بارلىق ئىنسانلار بىر ئاتىدىن يارىتىلغاندۇر. ئۇنداقتا سۈنئىي ئايرىمچىلىقلار بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئىنسانپەرۋەرلىككە زىت قىلمىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىچىك چاغدىن باشلاپلا بۇ ھەقتە ساغلام كۆز قاراش يېتىلدۈرۈش كېرەك.

**ئىزدىنەيلى ـ ئۆگىنەيلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىقىنى ئىسلامنىڭ ماھىيىتى جەھەتتىن تەپەككۇر قىلىڭلار.

### ئادالەتپەرۋەرلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلغان:

"(ئى مۇھەممەد) شۇڭا (بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىنغا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىنكى: "ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم" (شۇرا سۈرىسى 15 ـ ئايەت)

ئادالەت جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىقى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر ئەخلاقتۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەر قانداق ئىشتا ئادالەتنى ئۆلچەم قىلغان، كەمبەغەل بىلەن باي ئارىسىدا مۇئامىلىدە ئايرىمچىلىق قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئادالەتنى ئىنسانىيەتنىڭ پاراغىتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە كۆرگەن.

تۆۋەندىكى ۋەقە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان مىساللاردىن پەقەت بىرى:

مەخزۇم قەبىلىسىدىن بىر ئايال ئوغرىلىق قىلدى. سوراق قىلىنىش ئارقىلىق بۇ جىنايەت ئاشكارا بولدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانى ئىجرا قىلماسلىق ئۈچۈن ساھابىلەردىن بەزىسى يول مېڭىپ، پەيغەمبىرىمىز بەك ياخشى كۆرىدىغان ۋە دېگىنىگە ياق دېمەيدىغان زەيد بىن ئۇسامەنى پەيغەمبىرىمىزگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇسامە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا قاتتىق ئىنكاس قايتۇردى: "ئەي ئۇسامە، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلماسلىقىم ئۈچۈن ماڭا ئەلچى بولۇپ كەلدىڭمۇ؟" دېگەندىن كېيىن مەسچىتكە بېرىپ خەلقنى مۇنداق ئاگاھلاندۇردى:

"ئۇنۇتماڭلاركى، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر ئۆز ئارىسىدىكى باي، مەرتىۋىلىك، ئېسىلزادە ئادەملەر گۇناھ قىلسا جازالىمايتتى. لېكىن كەمبەغەل، ئاجىز كىشىلەر گۇناھ قىلسا، ئەڭ ئېغىر جازالايتتى. ئۇلار بۇ سەۋەبتىن ھالاك بولدى." (بۇخارى، "ھۇدۇد"، 12؛ مۇسلىم، "ھۇدۇد"، 8-9)

جەمئىيەت ئادالەت بىلەن مۇقىم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بارلىق ئىشلاردا ئادالەتنى ئاساس قىلاتتى. ھەققە رىئايە قىلاتتى. ھېچقانداق كىشىنىڭ جېنىغا ياكى مېلىغا زىيان سېلىشنى ئويلىمايتتى. كىشىنىڭ ھەققىنىڭ ئۆزىگە ئۆتۈپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بىلىپ بىلمەي رەنجىتىپ سالغان كىشىلەر بولسا، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كۆڭۈل قويۇپ رازىلىقىنى ئالاتتى. مەسىلەن: ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا تۆگىگە مىنىپ كېتىۋاتقاندا يېنىدا تۆگىگە مىنىپ ماڭغان بىر ساھابىنىڭ ئايىغى پەيغەمبىرىمىزگە يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭ پاچىقىغا تېگىپ ئاغرىتقان. بىر قانچە قېتىم شۇنداق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ساھابىنىڭ پۇتىغا قامچىسى بىلەن ئۇرغان. ئەتىسى كۈنى بۇ ساھابىنى يېنىغا چاقىرغان. بۇ ساھابە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نېمىشقا چاقىرغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: "تۈنۈگۈن سەن مېنىڭ پاچىقىمنى ئاغرىتقانىڭ، مەن سېنىڭ پۇتۇڭغا قامچا بىلەن ئۇرۇپ سالدىم. شۇڭا، سېنىڭ ھەققىڭنى بېرىۋېتەي دەپ چاقىردىم" دەپ ئۇنىڭغا 80 قوي بەرگەن. (تەبەرى، 3-جىلد، 93)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئادالەتنىڭ زىتتى بولغان ناھەقچىلىق، زۇلۇمغا ھەر ۋاقىت قارشى تۇرۇپ، ئۆزى ھەر دائىم مەزلۇمنىڭ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ) يېنىدا تۇرغان. "مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ..." (ئىبنى ھەنبەل، 2-جىلد، 91) دېيىش بىلەن مۇھىم بىر ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قېرىنداشلارنىڭ بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلالمايدىغانلىقى ۋە زۇلۇم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. "ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار. ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار..." (مائىدە سۈرىسى 8-ئايەت)تىكى نەسىھەتلەرنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ بۇ جەھەتتە ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان. زۇلۇم بىلەن ئاۋاتلىققا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ھامىنى بىر كۈنى بۇرنىغا يەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



**نۇۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ئۆرنەك ۋەقەلەرنى، ھەدىسلەرنى، ئۆزەڭلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىڭلار.

## كەڭ قورساق، ئەپۇچانلىقى

"ئالەملەرگە رەھمەت" (ئەنبىيا، 107) قىلىپ ئەۋەتىلگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ھەققەتەن كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، مېھرى ـ شەپقەت بىلەن ئۆتكەن بىر ھاياتتۇر. ئۇنىڭغا دەسلەپتە ۋەھىي كېلىشكە باشلىشى بىلەنلا، قاتتىق قارشىلىق، نارازىلىققا ئۇچرىغان، ھاقارەت ۋە مەسخىرە قىلىنغان. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنى مەسخىرە ۋە ھاقارەت قىلغانلار، قارشى چىققۇچىلارغا قىلچىلىك ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام تۇيغۇسىدا بولۇپ باقمىغان. ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنغۇچىلارنىمۇ ئەپۇ قىلغان. ئۇ ئوھۇدتا تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىنى ئۆلتۈرگۈزگەن ھىند بىلەن ئۆلتۈرگەن ۋەھشىنىمۇ كەچۈرۈم قىلغان. "ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار. ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ، سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر." (نەھل سۈرىسى 126 ـ ئايەت)تىكى ئايەت بويىچە سەۋر قىلغان.

ئۇ پەقەت ئەتراپىدىكى يېقىنلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا دىن مۇرتلىرىغىمۇ كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى نەجراندىن كەلگەن خرىستىئان ئۆمەكتىكىلەر ئەسىر ۋاقتىدا مەدىنىدىكى مەسجىدى نەبەۋىگە كىرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا ساھابىلەر بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا تۇراتتى. بۇ پەيتتە كەلگەن خرىستىئانلارنىڭمۇ ئىبادەت قىلىش ۋاقتى كىرگەن ئىدى. ئۇلار شەرق تەرەپكە قاراپ ئىبادەت قىلماقچى بولۇشتى. لېكىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن بەزىلەر مەسچىتتە خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا قارشى چىقىپ، بۇنى توسماقچى بولدى. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەركىن ھالدا ئىبادەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. خرىستىئانلارمۇ خاتىرجەم ھالدا ئىبادىتىنى قىلدى. (سارىچام، 2003، 278)

**بىلەمسىلەر؟**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدا ۋە ئۆرنەك شەخسىيىتىدە بىلىنگەن كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق ھەرگىزمۇ بىغەملىك، ياۋاشلىق، پەرۋاسىزلىق، كۆرمەسكە سېلىش، ھاڭۋاقتىلىق دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرمەيدۇ!

كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق ھەرىكەتى بىرلا ۋاقىتتا پۇرسەت تەربىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىشكە تېگىشلىك ئىلىملەرنى مۇۋاپىق مېتود بىلەن ئۆگەتكەچ بۇنىڭ داۋامىغا دىققەت قىلغان. مەسىلەن: مەسچىتكە تەرەت قىلغان بەدەۋىنى بەزى ساھابىلەر جازالىماقچى بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ، ئۇ يەرنى سۇدا يۇيۇپ پاكىزلاشنى ئۆگەتكەندىن كېيىن: "سىلەر تەسلەشتۈرگۈچى ئەمەس، ئاسانلاشتۇرغۇچى بولۇشقا ئەۋەتىلدىڭلار" (بۇخارى، "تاھارەت"، 58؛ "ئەدەب"، 80) دەپ ئۇ بەدەۋىگە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "كەڭ قورساق بولغىنكى، ساڭىمۇ كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىنسۇن" (ئىبنى ھەنبەل، 1 ـ جىلد، 248) دەپ نەسىھەت قىلىش بىلەن كەڭ قورساقلىقنىڭ ئۆزئارا بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. يەنى، كەڭ قورساق مۇئامىلىگە ئېرىشىشنى ئارزۇلىغان كىشى ئاۋال ئۆزى شۇنداق بولۇشى كېرەك. بۇ نەسىھەت كەڭ قورساقلىقتىن پايدىلىنىشنى قەستلەيدىغان پۇرسەتپەرەسلەرگىمۇ قارىتىلغان. كەڭ قورساق بولۇش ھەر ۋاقىت بىر تەرەپنىڭ ۋەزىپىسى دەپ

قارالغاندا مەلۇم مەزگىلدىن كېيىنكى مۇناسىۋەتلەردە كەڭ قورساقلىق مەۋجۇت بولماي، ئۇنىڭ ئورنىغا قاتتىق قوللۇق ئالمىشىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا كەڭ قورساق بولۇش دېگەنلىك ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئىپادىلەيدۇ.

خاتىرجەم، پاراۋان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى نىشانلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەڭ قورساقلىقىنىڭ بۇزۇلماي ئەمەلىيلىشىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەڭ قورساق بولۇشقا تېگىشلىك ئەھۋالدا كەڭ قورساق بولغان بولسا، تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىققان چاغدىمۇ يەنە ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدا بۇنى تۈزەتكەن، كۆزىنى يۇمۇپ ئۆتكۈزىۋەتمىگەن.

**نۆۋەت سىلەردە**

سىلەرنىڭ باشقىلارغا قارىتا كەڭ قورساقلىقىڭلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەڭ قورساقلىقى ئارىسىدا ئوخشاشلىقلار بارمۇ؟ باھالاپ بېقىڭلار.

## بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى



قۇرئان ـ كەرىم سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۇنى باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاللاھتىن ۋەھيى ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. ئۇ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك زامانىدا ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان، شۇنداقلا سۆزلىگەنلىرىنى ئۆزى بىۋاستە ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ ئىجرا قىلىشتا ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان. ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ چىداپ بەرداشلىق بەرگەن. قەتئىي ئىرادە ۋە سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئىش قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە ئىنسانلارغا ئۆرنەك بولغان. ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە شەخسەن ئۆزى ئۆرنەك بولۇپ، ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ قىلغىنىدەك قىلىشقا چاقىرغان.

ئىشەنچلىكلىگى، ئادالىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق، ناھەقچىلىق قىلماسلىقتا ئۆرنەك بولغان. ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلىنىشنى تەكىتلەپ، ۋاقىت ئىسراپ قىلىشقا قارشى كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان. ھەممە كىشىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان. قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھقا ئىشەنچ قىلىش، غەيرەتلىك، ئىرادىلىك بولۇشنى ئۆگەتكەن ۋە تەۋسىيە قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پەقەت بىرلا ئادرېسى



## بۇ بابنى كۆزدىن كەچۈرەيلى

1. قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزنى بىر ئىنسان سۈپىتىدە بايان قىلغان ئايەتلەرنى رەتلىك ئوقۇڭلار.
2. قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزنى بىر پەيغەمبەر سۈپىتىدە بايان قىلغان ئايەتلەرنى رەتلىك ئوقۇڭلار.
3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە قايسى پرىنسىپلارغا ئاساسلانغان؟ چۈشەندۈرۈڭلار.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن "ئەل ـ ئەمىين" دەپ ئاتالغان؟
5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقاندا قانداق شارائىتلاردا سەۋر قىلغان؟
6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقىتنى قەدىرلەش ھەققىدىكى ھەدىسىنى چۈشەندۈرۈڭلار.
7. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسلىھەت، كېڭەش قىلغان بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ بېرىڭلار.
8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دەۋاسىغا سادىقلىقىنى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.
9. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى قانداق چۈشەندۈرگەن؟
10. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.
11. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشنى نەسىھەت قىلغان؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭلار.

.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىدىكى پرىنسىپلاردىن ئەمەس؟

A) كەمتەرلىك　B) كىبىر، ھاكاۋۇرلۇق

C) ئادالەت　D) ئەدەب ـ قائىدە

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئەل ـ ئەمىين" دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

A) سەۋرچان بولغانلىقى　B) مەسلىھەتلىشىشكە ئەھمىيەت بېرىشى

C) ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلىنىشى　D) راستچىل، ئىشەنچلىك بولغانلىقى

3. "زامان" بىلەن قەسەم قىلىنغان سۈرە قايسى سۈرە؟

A) ئىسرا　B) كەۋسەر

C) ئەسر　D) ئىخلاس

4. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلىنىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟

A) ئىشلارنى پىلانلىق قىلىش

B) بارلىق ئېنېرگىيە ۋە كۈچىنى قولدىكى ئىشقا قارىتىش

C) ياق دېيىشنى بىلمەسلىك

D) ئاۋۋال ئىشنىڭ تەس بولغىنىنى، ئاندىن ئاسان بولغىنىنى قىلىش

5. "مەسلىھەت، كېڭەش" دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

A) ھەر ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىلىش

B) ئىشلارنى قەھرىمانلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىش

C) غەيرەت قىلىش

D) كۆپچىلىك ياكى باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش

6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمى بويىچە "كەك قورساق" بولۇشنىڭ مەنىسى نېمە؟

A) كارى بولماسلىق　B) كۆرمەسكە سېلىش

C) كۈلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۋېتىش

D) توغرا ئىش ـ ھەرىكەتنى ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەيغەمبىرىم

## 5-باب

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈنۈشتىكى ئۆرنەكلەر

1. جۆرە سۆيۈشتىكى پەيغەمبەر
2. ئاتا سۆيۈشتىكى پەيغەمبەر
3. بوۋا سۆيۈشتىكى پەيغەمبەر
4. خوشنا سۆيۈشتىكى پەيغەمبەر
5. ئۇرۇق-تۇغقان سۆيۈشتىكى پەيغەمبەر
6. دوست-ئاغىنە سۆيۈشتىكى پەيغەمبەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بۇ باب ھەققىدە

بۇ بابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ھاياتىدىن مىساللار بېرىلگەن ھەمدە ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۈندىگەن ئايەتلەردىن بەزىلىرى تىلغا ئېلىنغان.

## ئۆگىنىش نىشانى

بۇ بابنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن،

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتتە قانداق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقايسىلەر.
2. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بېرەلەيسىلەر.
3. بىزلەر پەيغەمبىرىمىزنى ئۈرنەك قىلىپ، ئۇنىڭ سۈننىتىگە رىئايە قىلغان ۋاقتىمىزدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلەلەيسىلەر.
4. كۈندىلىك تۇرمۇشتىن مىسال ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە تولۇق رىئايە قىلغان ياكى قىلالمىغانلىقىڭلارنى ئۆزەڭلاردىن سورايسىلەر.

## بۇ بابنى ئۆگەنگەندە

1. بابنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆگىنىش نىشانىغا يەتكەن يەتمىگەنلىكىڭلارنى داۋاملىق ئويلاڭلار. ئەگەر نىشانغا يېتەلمىگەن بولساڭلار، خام قالغان مەزمۇنلارنى قايتا ئوقۇپ تەكرارلاڭلار.
2. ئۆگىنىش ئۈچۈن پەقەتلا بۇ كىتاب بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماڭلار. كىتابنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنىڭ مەنبە تىزىملىكى بار. شۇ تىزىملىكتىن بەزى كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇڭلار.
3. كىتابتىكى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىنى تېپىپ كۆرۈڭلار، بىلىمڭلارنى تولۇقلاڭلار.

# 1 جۆرە سۆيپتىدىكى پەيغەمبەر

**ئويلاپ باقايلى**

ئاللاھ رازى بولىدىغان بىر ھايات ياشاش، بەخت ـ سائادەتكە تولغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە بۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئاياللارنىڭ قانداق رولى بار؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىشىچە، ئائىلە دىندار ۋە ساغلام بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىدۇ. ئۆيلىنىشنى تەشەببۇس قىلغاندىمۇ ئاسانلاشتۇرغان ۋە توي قىلغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ناھەقچىلىققا ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەيغەمبىرىمىز بىر ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاياللىرىغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلغان. ئۇلارغا قىلچىلىك قوپاللىق قىلمىغان. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ ئەرلەردىن قانچىلىك دەرىجىدە تۆۋەن تورىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۆرنەك بولغان ۋە ئىنسانلارغا تەۋسىيە قىلغان نەسىھەتلەرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ:

”سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى ئادەم ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر. ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن ئائىلەمدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن.“ (ئىبنى ماجە، ”نىكاھ“، 50)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى تويىنى ھەزرىتى خەدىچە بىلەن قىلغان. خەدىچە ۋاپات بولغۇچە باشقا ھېچقانداق ئايال بىلەن ئۆيلەنمىگەن. پەيغەمبىرىمىز خەدىچە بىلەن بەختلىك ياشىغان. خەدىچە ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئىمان ئېيتقان ۋە ھەر جەھەتتە ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كۆڭلىنى ئالاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە ھاياتىغا ئەھمىيەت بېرىشنى ئىمان ۋە ئەخلاق جۈملىسىدىن دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنى بۇنىڭغا تەشۋىق قىلغان:

”مۆمىنلەرنىڭ ئىمان جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە يۇمشاق، سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلىدىغىنىدۇر.“ (ئىبنى ھەنبەل، 6 ـ جىلد، 47)

بۇنىڭغا ئاساسەن ئائىلە تۇرمۇشىدا يۇمشاق سۆز قىلىش، مېھرىبان بولۇش قاتارلىقلار مەدھىيىلەنگەن.

ئەر ـ خوتۇنلار خۇشاللىق ۋە غەم ـ قايغۇنى بىرلىكتە ياشاپ، ئېغىرلىقنى بىللە كۆتىرىدىغان، ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن غەم ـ قايغۇ ۋە خۇشاللىقنى ئايالىغا ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن يېقىن سىرداش ۋە مۇڭداش بولۇپ ئۆتكەن. ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەرلەردە، ئەرلەرنىڭ ئاياللاردا ھەققى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. ”... ئۇلار (ئاياللار) سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر...“ (بەقەرە، 187 ـ ئايەت) تە دېيىلگىنىدەك، ئەر ـ ئايال جۈرلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغداش، قوللاش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئېيتقان. بولۇپمۇ ئاياللارغا ناچار، قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان سەلبىي قىلمىشلارنى تەنقىت قىلىپ، ئايالىنى ئۇرغان ئەرلەرنى ”ئايالىڭلارنى قانداقمۇ ئۇرغانسىلەر؟ ئاندىن ئاخشىمى بىللە بولسىلەر؟!“ (ئىبنى ھەنبەل، 4 ـ جىلد، 17) دېيىش بىلەن ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسەتكەچ ئاگاھلاندۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يېقىن دوستلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، سوۋغا ـ سالام بېرىپ كۆڭلىنى ئالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش ئېھتىياجىنىمۇ مۇۋاپىق ھەل قىلغان. مەسىلەن، بىر بايرامدا مەسجىد ھويلىسىدا پائالىيەت كۆرسەتكەن ھەبەشىستانلىقلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرمەكچى بولغان ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئويۇن تۈگىگىچە ساقلاپ تۇرۇپ، ئائىشىگە ھەمراھ بولغان. (مۇسلىم، «سالاتۇل ـ ئىدەيىن»، 18 ـ 19)

شۇنداقلا قۇربان ۋە روزا ھېيتىتكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قىزلىرى ۋە ئاياللىرىنى بىللە ئېلىپ بارغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى بىلەن مەسىلەت قىلىشقا ئالاھىدە ئېتىۋار قىلاتتى. مەسىلەن: ھۇدەيبىيە تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن ساھابىلەرگە قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ ـ ساقاللىرىنى ئېلىپ ئىھرامدىن چىقىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ شەرتنامىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان شەرتلىرى بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ قىيداپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى دەرھال ئىجرا قىلىشمىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ: «ئەي رەسۇلۇللاھ، سەن بېرىپ قۇربانلىق قىلغىن. چاچ ـ ساقاللىرىڭنى ئالغىن، ئۇلار ھەممىسى ساڭا ئەگىشىدۇ» دېدى. دېگەندەكلا پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىۋىدى، ھەقىقەتەن ساھابىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇنداق قىلىشتى. (ۋاقىدى، 2 ـ جىلد، 613) كۆرگىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئويدۇرما رىۋايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك، ئاۋال ئاياللىرىدىن سوراپ، ئاندىن ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە بىر ئىش قىلغان (ئاجلۇنى، 2 ـ جىلد، 3) ئەمەس، ئەكسىچە، ئايالىنىڭ سۆزىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ شۇ بويىچە ئىش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەيغەمبىرىمىز ئاياللىرىنى دىنىي جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى باشقا ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىدىغان مۇئەللىم قىلىپ يېتىشتۈرگەن، ئۇلارنى داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبىرىمىزدىن نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۆزى ئىلىم ئۆگەتكەن ئاياللار ئىچىدە ئۆگىنىشكە ئەڭ ھېرىسمەن، سوئال سوراشتىن تارتىنمايدىغان ئەنسار ئاياللىرىنى ماختىغان. (مۇسلىم، «ھەيز»، 13)

## 2 بىر ئاتا سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر

ئۇممۇمەن بالىلىرىغا ئۇبدان قارايدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دادا بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلىرىغا ئامراق، مېھرى ـ شەپقەتلىك ۋە باغرى يۇمشاق ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى خەدىچىدىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز، جەمئىي ئالتە پەرزەنتى دۇنياغا كەلگەن. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى قاسىم ئىدى. يەنە ئابدۇللاھ ئىسىملىكمۇ بىر ئوغلى بولغان. قىزلىرىنىڭ ئىسمى زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ گۈلسۈم ۋە فاتىمە بولۇپ، فاتىمەدىن باشقا بالىلىرى ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چاغدا بەزىسى كىچىك، بەزىسى بالاغەتكە يەتكەندە دادىسىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. ھەزرىتى ئەلىگە ياتلىق بولغان ھەزرىتى فاتىمە دادىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بەك يېرىم بولغان ۋە ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇمۇ ۋاپات بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدىكى چاغدا نىكاھلانغان مارىيەدىن ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغلى دۇنياغا كەلگەن. بىر دادا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىبراھىمنىڭ تۇغۇلغىنىغا بەك خۇش بولغان ۋە ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ



باققان، ئىبراھىم ئىككى ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ۋاپات بولغان. ئۇ تۇغۇلغاندا ئىنتايىن خۇشال بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇ ۋاپات بولغاندىمۇ قاتتىق قايغۇرغان. كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي قالغان، بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولغان بىر ساھابە: «ئەي رەسۇلۇللاھ، سىزمۇ يىغلاۋاتامسىز؟» دەپ سورىغاندا: «كۆز يىغلايدۇ، كۆڭۈل قايغۇرىدۇ. مەن بالامغا بولغان ئامراقلىقىمدىن يىغلاپ سالدىم، مېھرى ـ شەپقەت قىلمىغان كىشىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىنمايدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ مېھرى ـ شەپقەت تولۇپ تاشقانلىقىنى، ئىلگىرى ماتەم ـ مۇسىبەتتە يىغلاشنى چەكلەشنىڭ سەۋەبىنىڭ ۋاقىراپ ـ جاقىراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا يىغلاش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. (بۇخارى، «جەنائىز»، 44)

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلىرىغا بەكلا كۆيۈنەتتى، ئۇلارنى سۆيەتتى. قىزى فاتىمە يېنىغا كەلسە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. سەپەرگە چىققىدىغان چاغدىمۇ ئەڭ ئاخىرىدا فاتىمە بىلەن خوشلاشسا، قايتىپ كەلگەندە يەنە ئەڭ ئالدى بىلەن فاتىمەنى كۆرگىلى كېلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد، «تەرەججۇل»، 21). لېكىن پەرزەنتلىرىگە بولغان بۇ خىل سۆيگۈسى ھېچبىر زامان ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلىشى، ئۆزى مەسئۇل بولغان ئۈممەتتىن پەرقلىق قارىشىغا يول ئاچمىغان. مەسىلەن: بىر كۈنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىغا ئازىراق پۇل كىردى. ئامراق قىزى فاتىمە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېرى قۇدۇقتىن سۇ تارتقاندا بەك قىينىلىدىغانلىقى، ئۆزى يارغۇنچاقتا ئۇن تارتقاندا قىينالغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ پۇلغا ئۆزى ئۈچۈن بىر قۇل سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«سۇففادىكى ساھابىلەرنىڭ قورسىقىنى ئاچ قويۇش بەدىلىگە سىلەر تەلەپ قىلغاننى ئېلىپ بېرەلمەيمەن. پۇلنىڭ ھەممىسىنى سۇففا ئەھلىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خەجلەيمەن» دەپ، ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئامراق قىزىغىمۇ ئايرىمچىلىق قىلمىدى. (ئىبنى ھەنبەل، 838؛ «فەزائىلۇ ئەسھابىن ـ نەبى»، 9)

بىر دادا بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھاياتىدا ئەمەل قىلغان پرىنسىپلارنى ئۈممىتىگىمۇ نەسىھەت قىلغان:

«ھېچقانداق بىر دادا پەرزەنتىگە ياخشى تەربىيەدىن تېخىمۇ ئۈستۈن بولغان بىر ھەدىيە بەرگەن ئەمەس» (ھاكىم، 4 ـ جىلد، 26)

www.uyghurkitap.com



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق دادىلارنىڭ بالىلىرىغا قارىتا ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خاتىرلەتكەن. چۈنكى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانا ئۈستىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەققىدىن بىرسى ياخشى تەربىيىلىنىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىدىكى بىر مېتود شۇكى، بەزىدە ئەمەللەرنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، دەرىجىگە تىزىپ، بۇنى ئىنسانلارنىڭ تاللىشىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. «كىشىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيىلىشى بىر تاغار بۇغداي سەدىقە بېرىشتىن ياخشىدۇر.» (تىرمىزى، «بىرر»، 33) بۇ سۆز بۇ خىل دەرىجىگە تىزىشنى كۆرستىپلا قالماي، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەڭ ياخشى تەربىيىلەش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمەكتە.

**نۆۋەت سىلەردە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللارنى ئىزدەپ تېپىڭلار.

## 3 بوۋا سۆيىدىكى پەيغەمبەر

بالىلىرىدىن بەزىلىرى كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا بولغان ئامراقلىقنى كېيىنچە نەۋرىسى ئۇمامە، ھەسەن ۋە ھۈسەيىندە كۆرسەتكەن. بارلىق بالىلارغا نىسبەتەن قەلبىدە چوڭقۇر سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە مېھرى ـ شەپقەت بار بولغان پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى سۆيۈپ، ئەركىلىتىپ، ئوينىتىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلاتتى. ھەتتا بۇ جەھەتتە ھەممەيلەنگە ئۆرنەك بولغان ئىدى. بىر بەدەۋى ئۇنىڭ بالىلارغا بۇنچىلىك ئامراقلىقى ۋە سۆيۈپ ئەركىلەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ: «سىز بالىلارنى سۆيەمسىز؟ بىز ئۇلارنى سۆيمەيمىز» دېگەندە، ئۇ: «ئاللاھ سېنىڭ قەلبىڭدىن مېھرى ـ شەپقەتنى ئېلىۋەتكەن بولسا، بۇنىڭغا مەن نېمە قىلالايتتىم؟» دېگەن. (بۇخارى، «ئەدەب»، 18)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىن كېلىشىچە بالىلارنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى. بالىلار بىلەن ئوينايتتى، نەۋرىسىنى قۇچىقىدا كۆتۈرگەن پېتى مەسجىدكە كېلەتتى، ھەتتا ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇلار مۆرىسىگە چىقىۋالسىمۇ تۇرۇپ بېرەتتى. مۇشۇنداق قىلغان بىر نەۋرىسىنىڭ قىزى زەينەپنىڭ قىزى ئۇمامە ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مۇھىم تەرىپى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلغان جەمئىيەتتە قىزلارنى پەس كۆرەتتى. پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆرنەك بولۇپ تۈزىتىشكە تىرىشقان خاتا ئىشلاردىن بىرسى مۇشۇ ئىدى. يەنى قىز بالا بىلەن ئوغۇل بالا ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىق، بىرىنى ئۈستۈن، بىرىنى پەس كۆرمەسلىك، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ھەتتا پەيغەمبىرىمىز: «بىرىنى ئۈستۈن تۇتماقچى بولسام، قىزنى ئۈستۈن تۇتاتتىم» (ھاكىم، 2 ـ جىلد، 284) دېيىش ئارقىلىق قىز بالىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. كۈنىمىزدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىلىرى تىلغا ئېلىنغاندا پەقەتلا ھەزرىتى ھەسەن بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىن ئېسىمىزگە كېلىدۇ، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمامە ئىسىملىك قىز نەۋرىسىنىمۇ ئوغۇل نەۋرىسىدىن پەرقلىق كۆرمەي، ئوخشاش مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن تەربىيىلەپ، جامائەتكە ئۆرنەك بولغان. نەۋرىلىرىنى باغرىغا بېسىپ سۆيگەندە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ: «ئاللاھىم، سەن بۇلارغا رەھمەت قىلغىن، مەنمۇ ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىمەن» (بۇخارى، «ئەدەب»، 21) دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرىگە بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇلارنى باغرىسىغا بېسىپ، قۇچاقلىغان، سۆيگەن، بېشىنى

سىلىغان. بەزى خەلقلەردە ئۆرپ-ئادەتلەر شۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقانكى، بالىلار قولغا ئېلىپ سۆيۈلمەيدۇ، سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلدۈرۈلمەيدۇ. ھالبۇكى، سۆيۈشنى ۋە سۆيۈلۈشنى چوڭلاردىن ئۆگىنىدىغان بالىلار ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن چوڭ يېتەرسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەرىكىتى، يەنى سۈننىتى بىلەن بالىلارغا مېھرى-مۇھەببەتنى ئېنىق بىلدۈرۈش جەھەتتە بىر ئۈلگە بولۇپ، ئۇممەتكە مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكەن. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلار بىلەنمۇ چوڭ ئادەملەر بىلەن پاراڭلاشقاندەك پاراڭلىشىپ، چاخچاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇممەتكە ئۈلگە بولغان.

## 4 خوشنا سۈپەتدىكى پەيغەمبەر

**ئويلاپ باقايلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇلۇم-خوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇلۇم-خوشنىلىرىغا قارىتا ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلغان. خوشنىلار ئارا مۇناسىۋەتتە بىر-بىرىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشنى، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى، بىر-بىرىگە بىئارامچىلىق سالماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان. خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە ئەڭ يېقىندىن باشلاپ يېقىن ئۆتۈش كېرەكلىكىنى شۇ ھەدىستىن بىلەلەيمىز:

«ھەزرىتى ئائىشە: «مېنىڭ ئىككى خوشنام بار، بۇ ئىككىسىدىن قايسىسىغا ھەدىيە بەرسەم بولار؟» دەپ پەيغەمبىرىمىزدىن سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا ئىشىكى ئەڭ يېقىن بولغىنىغا بەرگىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. (بۇخارى، "ئەدەب" 32)

مەدەنىيىتىمىزدە «تام خوشنا»نىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەتتا تام خوشنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئارتۇق كۆرۈلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تام خوشنىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتقان. بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز ئۈچ قېتىم: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر ئۇنىڭدىن كىمنىڭ مۆمىن بولالمايدىغانلىقىنى سورىغاندا: «زۇلمىدىن ۋە ئەسكىلىكىدىن خوشنىسى ئامان قالمىغان كىشى» (يەنى خوشنىسىغا يامانلىق قىلغان كىشى) دەپ جاۋاب بېرىپ، مەسىلىنىڭ جىددىيلىكىنى تەكىتلىگەن. «مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆز كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ.

دېمەك، بۇ مەسىلە ئىمان بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياخشى بىر مۆمىن بولۇش ئۈچۈن ياخشى بىر خوشنا بولۇش كېرەك. ئۆزىنى مەن مۆمىن مۇسۇلمان دەيدىغانلار خوشنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قايتا نەزەر سېلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ۋەيران بولغان ئادەم"نىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دېگەن: "ۋەيران بولغان كىشى دېگەنلىك، قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكات قاتارلىق ئىبادەتلىرى بىلەن بىللە كەلگەن، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىراۋغا ناچار گەپ قىلغان، بىراۋغا تۆھمەت چاپلىغان، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېگەن، يەنە باشقا بىراۋنىڭ قېنىنى تۆككەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىراۋنى ئۇرغان دېگەندەك قىلمىشلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىلگىرى قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابى ئۆزى ئەسكىلىك قىلغان ئادەملەرگە تەخسىملىنىپ، ھەق ئىگىسى ئادەملەر ئۇ كىشىدىن ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بولماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابى تۈگەپ، ئۆزى ئەزىيەت يەتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ گۇناھى ئېلىنىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋە شۇنداق قىلىپ، باشقىلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلى جەھەننەمگە كەتكەن كىشىدۇر.“ (مۇسلىم، ”بىرر“، 59) خوشنىدارچىلىق مەسىلىسىدە بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەكىتلەپ، ”ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى خوشنىسىغا زىيان سالمىسۇن.“ دېگەن. (بۇخارى، ”ئەدەب“، 31)

**ئىزدىنەيلى ـ ئۆگىنەيلى**

خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى ھەدىسلەردىن يەنە قانداق مەنىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ؟

## 5 ئۇرۇق-تۇغقان سۆيۈشتىكى پەيغەمبەر

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. بىلگىنىمىزدەك، ئۆزى كىچىك ياشتا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان. لېكىن يېقىن تۇغقانلىرى، چوڭ دادىسى ۋە تاغىلىرى ئۇنىڭغا يېتىملىكىنى چاندۇرماي ئۆزىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان. ئۇمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ئۇنۇتماي، ئۆمۈر بويى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا ياشىغان، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ھۆرمەتلەپ، ئىززەتلىگەن.

**بىلەمسىلەر؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنى ھىمايە قىلغان تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلىنى بېقىۋالغان، ئۆزى بىۋاستە تەربىيىلەپ چوڭ قىلىپ، كېيىن قىزى ھەزرىتى فاتىمەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

قۇرئان-كەرىمدە: ”ئاللاھ ھەققەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ.“ (نەھل، 90-ئايەت) دېيىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇ پرىنسىپنى ئاساس قىلغانلىقى ۋە بۇ جەھەتتە ئىنسانلارغا ئۆرنەك بولغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان.

”رىزقىنىڭ كەڭرى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان كىشى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ياخشى ئۆتسۇن.“ (بۇخارى، ”ئەدەب“، 12)

باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ”ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدە مۇناسىۋەتنى بىر-بىرىگە قاراپ (ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم دېگەندەك) داۋاملاشتۇرۇش ئۇرۇغ-تۇغقىنى بىلەن ياخشى ئۆتۈش دېگەنلىك بولمايدۇ. تۇغقىنى بىلەن ياخشى ئۆتكەن كىشى دېگەنلىك

(قارشى تەرەپ بىلەن) تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى داۋاملاشتۇرغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.“ دېگەن. (بۇخارى، ”ئەدەب“، 15) دېمەك، مۇھىم بولغىنى بەرمىگەنگە بېرىش، كەلمىگەنگە كېتىشتۇر. يەنى، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەسلىك، ياخشىلىقلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتۇر. بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە بۇ ئەھۋال مۇنداق ماقال ـ تەمسىل بىلەن ئىپادىلەنگەن:

”ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر،

يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.“

يەنى، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كىشىلەر ياخشىلىققا ياخشى جاۋاب قايتۇرىدۇ، لېكىن يامانلىقنى كۆرگەندە غەزەپلىنىدۇ، ئۆچمەنلىكى كېلىدۇ ۋە ھەتتا ئەسكىلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەسلىدە بىز بۇ مۇناسىۋەتنى قالايمىقانچىلىقتىن ئۇڭشاپ، پەقەتلا ئاللاھقا ھېساب بېرىدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىپ مۇناسىۋىتىمىزنى داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇل بولۇپ ھېساب بېرىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە سۆزلىرى بىزنى بۇ ھەقتە توغرا نىشانغا باشلاپ، ھەر قانداق ئەھۋال ۋە شارائىتتا ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

”سىلە ـ رەھىمنى قانداق قىلىشنى چوڭلاردىن سوراپ ئۆگىنىڭلار. چۈنكى سىلە ـ رەھىم ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەت، مال ـ دۇنيادا بەرىكەت پەيدا قىلىدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ.“ (تىرمىزى، ”بىرر“، 49) دېگەن ھەدىس بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلە ـ رەھىم قىلىشنى ماختاپ تەشۋىق قىلغان.

**نۆۋەت سىلەردە**

كۈنىمىزدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلىدىڭلار؟

## 6 دوست ـ ئاغىنە سۆيىتدىكى پەيغەمبەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە مېھرى ـ شەپقەت بىلەن دوستلۇق رىشتىسى بەرپا قىلىپ، ھاياتىدا بۇ دوستلۇق رىشتىلىرىنى ھەر دائىم كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن. ”(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن بىر پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.“ (تەۋبە، 128) ئايىتىدە بۇ ئەھۋال ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدىغانلار، بولۇپمۇ تىجارەت مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر ئۇنىڭ ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان ياخشى ئادەم، ياخشى دوست ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. (ئىبنۇل ـ ئەسىر، ”ئۇسدۇلغابە“، 2 ـ جىلد، 317) يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقى، دۇرۇس، ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى تىلغا ئالغان ئىدۇق، بۇ خىسلەتلەرمۇ دوستلۇققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردۇر.

كۆڭلى يۇمشاق ۋە ئەدەب ـ قائىدىلىك بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلۇق توغرىسىدىمۇ بۇ خىل پەزىلىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ بارلىق دوستلىرىنى ئىزدەپ ئەھۋال سورىشى، ئۆيىگە چاقىرغانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشى، سوۋغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سوۋغا بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى قاتارلىق سۈننەتلەر بىزلەر ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئېسىل خىسلەتلەردۇر. پەيغەمبەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلەيھىسسالام دوستلىرىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى سوراپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تىرىشاتتى. دوستلىرىغا مېھرىبان ئىدى. مۇكەممەل دوستلۇق ئۈلگىسى بولغانتى. شۇڭا، ئۇنىڭ دوستلىرى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىدى. مەسىلەن: ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئەڭ قىيىن چاغلاردا جېنى، مېلى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە ياردەم قىلغان ئەمەسمىدى؟!

ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا دوستلىرى بىلەن كېڭىشىپ مەسلىھەتلىشەتتى. ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلاتتى.

خەندەك ئۇرۇشىدا سالمان پارىسىينىڭ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىش توغرىسىدىكى پىكرىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ شۇنداق قىلغان ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن مىساللار بار. لېكىن قىسقارتىپ يەكۈنلىمەكچى بولساق، پەيغەمبىرىمىز دوستلىرىغا ھەقىقەتەن ۋاپادار، جان كۆيەر ئىدى. ھەتتا بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ دوستلىشىدىغان كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەر ھەققىدە ئېيتقان شۇ ھەدىسىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك:

"سالىھ (ياخشى) كىشى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش ۋە ناچار كىشى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش خۇددى ئىپار ئېلىپ ماڭغۇچى ۋە كۆرۈك پۈۋلىگۈچى (بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا) ئوخشايدۇ. ئىپار ئېلىپ ماڭغۇچى يا ساڭا ئازىراق ئىپار بېرىدۇ ياكى سەن ئۇنىڭدىن ئىپار سېتىۋالىسەن. كۆرۈپ پۈۋلىگۈچى بولسا پۈۋلەش بىلەن يا سېنىڭ كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ بەدبۇي پۇرىقىنى پۇرايسەن." (بۇخارى، "بۇيۇ"، 38؛ مۇسلىم، "بىرر"، 146)

بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە "ماڭا دوستۇڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيت، مەن ساڭا سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ئېيتاي"، "يامانغا يۇلۇقساڭ يارىسى، قازانغا يۇلۇقساڭ قارىسى يۇقار" دەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەر بار. كىشى كىم بىلەن دوست بولسا ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەرنى يۇقتۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا سەلبىي، ناچار ئىشلارنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىم بىلەن دوست ئاغىينە بولۇش، كىم بىلەن دوست بولماسلىق ھەققىدە دىققەت قىلىپ تاللاش لازىملىقى ئايان بولىدۇ. ئاللاھ بىزگە: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار» دېگەن. (تەۋبە سۈرىسى 119 ـ ئايەت)

**ئويلاپ باقايلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلۇق ھالىتى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ دوستلۇق ھالىتىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

## بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىشىچە، ئائىلە دىندار ۋە ساغلام بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىدۇ. ئۆيلىنىشنى تەشەببۇس قىلغاندىمۇ ئاسانلاشتۇرغان ۋە توي قىلغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ناھەقچىلىققا ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەيغەمبىرىمىز بىر ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلغان. ئۇلارغا قىلچىلىك قوپاللىق قىلمىغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى خەدىچىدىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز، جەمئى ئالتە پەرزەنتى دۇنياغا كەلگەن. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى قاسىم ئىدى. يەنە ئابدۇللاھ ئىسىملىكمۇ بىر ئوغلى بولغان. قىزلىرىنىڭ ئىسمى زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ گۈلسۇم ۋە فاتىمە بولۇپ، فاتىمەدىن باشقا باللىرى ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چاغدا بەزىسى كىچىك چېغىدا، بەزىسى بالاغەتكە يەتكەندە دادىسىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدىكى چاغدا نىكاھلانغان مارىيەدىن ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغلى دۇنياغا كەلگەن، بىراق ئىبراھىم ئىككى ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ۋاپات بولغان.

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللىرىغا بەكلا كۆيۈنەتتى، ئۇلارنى سۆيەتتى. قىزى فاتىمە يېنىغا كەلسە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. لېكىن پەرزەنتلىرىگە بولغان بۇ خىل سۆيگۈسى ھېچبىر زامان ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلىشى، ئۆزى مەسئۇل بولغان ئۈممىتىدىن پەرقلىق قارىشىغا يول ئاچمىغان.

باللىرىدىن بەزىلىرى كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارغا بولغان ئامراقلىقنى كېيىنچە نەۋرىسى ئۇمامە، ھەسەن ۋە ھۈسەيىندە كۆرسەتكەن. بارلىق باللارغا نىسبەتەن قەلبىدە چوڭقۇر سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت بار بولغان پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى سۆيۈپ، ئەركىلىتىپ، ئوينىتىپ باللارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلاتتى. ھەتتا بۇ جەھەتتە ھەممەيلەنگە ئۆرنەك بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇلۇم-خوشنىلىرىغا قارىتا ئەدەب-قائىدىلىك مۇئامىلە قىلغان. خوشنىلار ئارا مۇناسىۋەتتە بىر-بىرىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشنى، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى، بىر-بىرىگە بىئارامچىلىق سالماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەن. بىلگىنىمىزدەك، ئۆزى كىچىك ياشتا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان. لېكىن يېقىن تۇغقانلىرى، چوڭ دادىسى ۋە تاغىلىرى ئۇنىڭغا يېتىملىكىنى چاندۇرماي ئۆزىنىڭ باللىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان. ئۇمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ئۇنۇتماي، ئۆمۈر بويى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا ياشىغان، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ھۆرمەتلەپ، ئىززەتلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلىرىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى سوراپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تىرىشاتتى. دوستلىرىغا مېھرىبان ئىدى. مۇكەممەل دوستلۇق ئۈلگىسى بولغانتى. شۇڭا، ئۇنىڭ دوستلىرى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بۇ بابنى كۆزدىن كەچۈرەيلى

1. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئايالىغا نىسبەتەن قانداق بىر ئەر ئىدى؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.

2. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قىز بالىلىرىغا ۋە قىز نەۋرىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بايان قىلىڭلار.

3. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايسى تۇققانلىرى باققان؟

4. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام نېمە ئۈچۈن خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن؟ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ـ ھەدىسلەردىن مىسال كەلتۈرۈڭ.

5. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى كىم؟

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزلىرىدىن بىرى ئەمەس؟

A) رۇقىيە

B) ئۇممۇ گۈلسۇم

C) مارىيە

D) فاتىمە

2. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەيغەمبىرىمىز مەسجىدكە ماڭغاندا يېنىدا بىللە ئېلىپ ماڭغان، ناماز ئوقۇۋاتقاندا مۈرىسىگە ئالغان نەۋرىسى؟

A) ئۇمامە

B) ھەسەن

C) ھۈسەيىن

D) زەينەپ

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغاندا يېنىدا بىللە ھەمراھ بولغان ۋە قۇرئان-كەرىمدە ”ئىككىنىڭ ئىككىنچىسى“ دەپ تىلغا ئېلىنغان دوستى كىم؟

A) ھەزرىتى ئوسمان

B) ھەزرىتى ئەلى

C) ھەزرىتى ئۆمەر

D) ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغلىنىڭ ئانىسى بولغان ئايالىنىڭ ئىسمى نېمە؟

A) ھەزرىتى خەدىچە

B) مارىيە

C) ھەزرىتى ئائىشە

D) ئۇممۇ سەلەمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەيغەمبىرىم



## 6-باب



# مائارىپچى سۈپىتىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

1. ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلىشى
2. ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى
3. خانىم-قىزلارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى
4. ئوقۇ-ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





## بۇ باب ھەققىدە

بۇ بابتا ”تەربىيىچى“ سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىمگە، ئۆگىنىشكە ۋە ئوقۇ-ئوقۇش، تەلىم-تەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىش ئەھۋالى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش جەريانىدا دىققەت قىلغان پرىنسىپلار بايان قىلىنغان.

## ئۆگىنىش نىشانى

بۇ بابنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن،

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ”مۇئەللىم“ دەپ ئاتىغانلىقىنى بايقايسىلەر.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىمگە، ئىلىم ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئۇنىڭ ھاياتىدىن، ھەدىسلىرىدىن مىسال ئېلىپ سۆزلەپ بېرەلەيسىلەر.
3. كۈنىمىزدىكى بەزى خاتا ئۇسۇللارنىڭ ئەسلىدە پەيغەمبىرىمىزنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىسىلەر.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا رىئايە قىلغان پرىنسىپلارنى ساناپ بېرەلەيسىلەر.

## بۇ بابنى ئۆگەنگەندە

1. بابنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆگىنىش نىشانىغا يەتكەن يەتمىگەنلىكىڭلارنى داۋاملىق ئويلاڭلار. ئەگەر نىشانغا يېتەلمىگەن بولساڭلار، خام قالغان مەزمۇنلارنى قايتا ئوقۇپ تەكرارلاڭلار.
2. ئۆگىنىش ئۈچۈن پەقەتلا بۇ كىتاب بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماڭلار. كىتابنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنىڭ مەنبە تىزىملىكى بار. شۇ تىزىملىكتىن بەزى كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇڭلار.
3. كىتابتىكى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈن-سىن ماتېرىياللىرىنى تېپىپ كۆرۈڭلار، بىلىمىڭلارنى تولۇقلاڭلار.

# 1 ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلىشى

**ئويلاپ باقايلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبىتقان "مەن بىر مۇئەللىم سۈپىتىدە ئەۋەتىلدىم" (ئىبنى ھەنبەل، 3 ـ جىلد، 328) دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىڭلار.

مۇئەللىم ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئامىلدۇر. بۇ مەنىدە قۇرئان ـ كەرىم پەيغەمبىرىمىزنى ئىنسانلارغا يول باشلىغۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچى دەپ تونۇشتۇرغان:

"ئاللاھ ئۆمىلەرگە (يەنى ساۋاتسىز ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ." (جۇمۇئە سۈرىسى 2 ـ ئايەت)

ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي مائارىپ خىزمىتى دېسەك توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۆگىتىشكە تەيىنلەنگەن.

"سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق." (سەبەئ سۈرىسى 28 ـ ئايەت)كە ئاساسلانغاندا خۇشخەۋەر بېرىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تېمىسىدۇر.

"پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت." (نەھل سۈرىسى 35 ـ ئايەت)

"...سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر..." (شۇرا سۈرىسى 48 ـ ئايەت) قاتارلىقلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئىجرا قىلىدىغان ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئىشارەت قىلىنغان.

"ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئىھسان قىلدى." (ئال ـ ئىمران سۈرىسى 164 ـ ئايەت)تە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزدەك بىر مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىمگە، مائارىپقا، ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىلىمنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىلىم ئىگىسى بولماي تۇرۇپ، پىكىر قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئايەتلەر (بەقەرە، 78؛ ئەنئام، 11 ـ 148؛ يۇنۇس، 36؛ ھۇجۇرات، 12؛ زارىيات، 10؛ نەجم، 23) بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا كىشىلەرنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقىشى بارغانسىرى ئاشقان. پەيغەمبىرىمىز كىشىلەرنى ئۆگەتكۈچى ياكى ئۆگەنگۈچى بولۇشقا تەشۋىق قىلغان، ئۆگەتكۈچى ياكى ئۆگەنگۈچى بولالمىغانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ كىشىنىڭ ھەۋەس قىلىشىغا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىنلا مەدىنىدە قىلغان ئەڭ مۇھىم ئىشى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە ماكانى بولغان مەسجىدى نەبەۋىنى بىنا قىلىپ، بۇ يەردە كۆپ بويى تالىبلارغا دەرس بەرگەنلىكىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغاندا ئاساس قىلغان پرىنسىپلار ۋە قوللانغان بەزى مېتودلار كېيىنكى تېمىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**ئويلاپ باقايلى**

نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە قىلغان تۇنجى ئىشى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن بىر مەسجىد سېلىش بولغان؟

## 2 ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى ئىچىدە "ئوقۇش ـ يېزىش"نىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ زاماندا ساۋاتلىق كىشىلەر ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئۆگىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ يېزىلىپ خاتىرىلىنىپ ساقلىنىشى ئەلۋەتتە مۇھىم ئىدى. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبىستاندا يېزىق بەك ئاز ئىشلىتىلگەن. ئۇ زاماندىكى چوڭ شەھەرلەردىن بىرى بولغان مەككىدىمۇ ئون بەش يىگىرمىدەك كىشىدىن باشقا ساۋاتلىق ئادەم يوقلۇقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەھۋالنىڭ بۇنچىلىك ناچار ئەمەسلىكىنى سۆزلىگەن باشقا رىۋايەتلەرمۇ بار. ئۇ زاماندا ئاز ساندا ساۋاتلىق ئاياللارنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن بىرى بولغان شىفانىڭ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسەنىڭ ساۋادىنى چىقارغانلىقى بايان قىلىنغان. (ئىبنى ھەنبەل، 6 ـ جىلد، 372) مەلۇم بولغىنىدەك، پەيغەمبىرىمىزگە ياتلىق بولغان ھەفسە كېيىنچە باشقا ئاياللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولغان. ھەزرىتى ھەفسە كۆنىمىزگىچە كەلگەن نۇرغۇن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

**ئىزدىنەيلى ـ ئۆگىنەيلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا يەنە باشقا قايسى ئاياللار ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان؟ ئىزدىنىڭلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ساھابە ئەرقامنىڭ ئۆيىنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش مەركىزى قىلغان بولۇپ، ئۇ يەردە قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇلاتتى، يېزىپ خاتىرىلىنەتتى، ئىسلامغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر ئۆگىتىلەتتى، ئۆگىنىلەتتى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەدبىقلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جەھەتتە پۈتۈن كۈچى بىلەن تەبلىغ ۋە تەشۋىق قىلغان ئىدى. ھىجرەتتىن ئىلگىرى مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن بەزىدە ئۇلار بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشكەندە ئىلىم ئۆگەتكەن بولسا، بەزىدە مەدىنىگە مۇئەللىم ئەۋەتىش بىلەن تەلىم ـ تەربىيىنى داۋاملاشتۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە قىلغان تۇنجى ئىشى مەسجىد سېلىپ، يېنىغا سۇففە نامىدا بىر يەر تەسىس قىلىپ، بۇ يەردە ساھابىلەرنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. تارىخچى مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ "سۇففە"نى تۇنجى ئىسلام "ئۇنىۋېرسىتى" دەپ باھالىغان. (ھەمىدۇللاھ، 1993، 768) سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز "سۇففە"دە ئۆزى بىۋاستە دەرس ئۆتكەن. سۇففەدە تەربىيىلىنىپ يېتىشكەنلەر دىنىنى تەبلىغ قىلىش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تارقالغان.

**بىلەمسىلەر؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا مۇشرىكلاردىنمۇ پايدىلانغان، ئۇلارنىڭ يېزىق ئۆگىتىش دەرسلىرىنى بېرىشىنى توسماي، ئەكسىچە تەشۋىق قىلغان. مەسىلەن: بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنغان مۇشرىكلار ئەگەر 10 بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ قويسا، قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئۇنىڭ ئىلىمگە، ئوقۇشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (ئىبنى سائاد، 14 ـ 17)

بۇ يەردە شۇنداق بىر خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، باللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش ئۈچۈن مۇشرىكلارنى بولسىمۇ خىزمەتكە سېلىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ئىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئوقۇتۇشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى نامايەن قىلىدۇ. ھەتتا بەزى مەنبەلەردە مۇشرىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باللارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغانلىقى، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بىر بالىنىڭ دادىسى ئۇلارنى ”بەدرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىۋاتىدۇ“ دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. (ئىبنى ھەنبەل، 1 ـ جىلد، 247)

يۇقىرىقىلاردىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرەلەيمىز. قۇرئان ـ كەرىم ئايەتلىرى ئاڭلاپ يېزىلغان، مەدىنىدىكى تۇنجى نوپۇس ئىستاتىستىكىسى يېزىق بىلەن خاتىرلەنگەن، مەدىنىدە تۈزۈلگەن شەھەر دۆلىتى قانۇنى قاتارلىق نۇرغۇن كېلىشىملەر يېزىق بىلەن يېزىلغان. دۆلەتنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرى خاتىرلىنىپلا قالماستىن، ئۇرۇش مەزگىلىدە قوشۇندىكى ئەسكەر سانىمۇ يېزىلىپ ئېنىقلانغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قالاق ئادەتلەر بويىچە ياشايدىغان خەلققە خىتاب قىلغان. مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنى تەربىيىلىگەن، ئۇلاردىن يىپ ـ يېڭى بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان. مۇشۇنداق قىيىن بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىلىم ـ پەنگە، مائارىپقا، ئوقۇتۇشقا يۈزلىنىشنىڭ مەركىزىدە قۇرئان ـ كەرىم مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى قۇرئان ـ كەرىم بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەرنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟...» (زۇمەر سۈرىسى 9 ـ ئايەت)

«ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن. (تاھا سۈرىسى 114 ـ ئايەت)

"سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار." (نەھل سۈرىسى 43 ـ ئايەت)

تارىختىن بۇيان ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىش قىلغان. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغان ياخشى ئىنسانلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئۆرنەك ھاياتى ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئۈلگە بولىدىغان، يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىملارنى "پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى" دەپ سۈپەتلىگەن.

"ئالىملار ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. يۇلتۇزلار قاراڭغۇدا قانداق يول كۆرسەتسە، ئالىملارمۇ زېمىندا شۇنداق يول كۆرسىتىدىغان يېتەكچىلەردۇر." (بۇخارى، 3\30؛ تىرمىزى، 3\19) دېيىش ئارقىلىق ئالىملارنىڭ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىشتە پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.


جەننەتۇل باقى

## 3 خانىم-قىزلارنى تەربىيلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئىلىم ئۆگىنىش ئەر-ئايال ھەر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر" (ئىبنى ماجە، "مۇقەددىمە"، 17) دەپ ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر مۇسۇلماننىڭ بىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئىنسان بولۇشنىڭ بىر مۇھىم تەلىۋى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئائىلە تەلىم-تەربىيەنىڭ تۇنجى بۆشۈكىدۇر. ئائىلە تەبىيىسىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى بالا مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئاشكارا بولۇشقا باشلايدۇ. بالا گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن ئائىلىدە قانداق تەربىيە ئالغانلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. ئادەتتە دادىلار ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئالدىراش بولغاچقا، ئۆيدىكى بالا تەربىيلەش ئىشى كۆپىنچە ۋاقىتتا ئانىلارغا قالىدۇ. ئانىلار قانچىلىك بىلىملىك بولسا ئەۋلاتلار ـ قىزلار ياكى ئوغۇللار ـ شۇنچىلىك بىلىملىك بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئاتا-ئانىلار ئورتاق دىققەت قىلىشقا

تېگىشلىك بىر نوقتا شۇكى، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى، باللىرىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتتا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈدىغان بىر تەلىم ـ تەربىيىنى ئۇلارغا بېرەلەيدىغان دەرىجىدە يېتىشتۈرۈشى كېرەك. پەرزەنتلىرىنى ئېسىل كىشىلىك شەخسىيەت ۋە خاراكتېر يېتىلدۈرىدىغان بىلىملەر بىلەن تەربىيىلىشى كېرەك.

**بىلەمسىلەر؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ئوقۇتۇشتا ئۆزى شەخسەن ئۈلگە بولغان. ئۇ چاغدىكى شارائىتلاردا بەزىدە ئۇلارغا بىۋاستە دەرس بەرسە، بەزىدە ئۇلارنىڭ يولدىشى ئارقىلىق ئىلىم ئۆگەتكەن، ئەر ساھابىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆيىگە قايتىپ ئايالىغا ئۆگىتىشىنى تاپىلىغان.

بەزى مەنبەلەردە خاتىرلىنىشىچە، مەسجىدى نەبەۋىدە مەخسۇس ئاياللارغا ئائىت يەر بار بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە ھەم ئىبادەت قىلاتتى، ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئۇممە سەلەمە قاتارلىق خانىملاردىن دەرس ئالاتتى. بۇخارىنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبىرىمىز ھەپتىدە بىر كۈننى پەقەتلا ئايال ساھابىلەرگە دەرس بېرىشكە ئايرىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن. (بۇخارى، "ئىلىم"، 87) ئۇ زاماندا ئاياللار ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان. ئۇلارنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە تەشۋىق قىلىشى بىلەن بىرلىشىپ ياخشى نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىققان. پەقەتلا ئاياللار ئاياللارنى تەربىيىلەپ قالماي، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ساھابىلەر قىزلىرىنى تەربىيىلەشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئاياللارنى پەس كۆرىدىغان بىر جەمئىيەت ۋە دەۋردە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان پەيغەمبىرىمىز ئاياللارنى تەربىيىلەشتە يېڭى ئۇپۇق ئاچقان. ئۇنداقتا بۇ جەھەتتە بىزلەرمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، جاھىلىيەت ئادەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يارامىلىق ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

**نۆۋەت سىلەردە**

تارىخىي جەريانلاردا ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىشى جەھەتتە پەرقلىق كۆز قاراشلارنىڭ قانداق تەسىرى بولغان؟ ئاياللارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن سىزنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك؟

# 4 ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرى

ئۆزىنىڭ بىر "مۇئەللىم" سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىدە بىر مۇئەللىم، بىر رەھبەر ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مېتود، چۈشەنچە، ئەخلاق، ئىش ـ ھەرىكەت، قارشى تەرەپكە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى، سۆزلەش ئەدەب ـ قائىدىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇكەممەل ئۆرنەك بار. ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتىن ئىنسانلارغا ئۈلگە ئىكەنلىكىنى قۇرئان ـ كەرىم مۇنداق بايان قىلغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



”سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.“ (ئەھزاب سۈرىسى 21)

**ئويلاپ باقايلى**

ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى خىسلەتلىرى گەۋدىلەنگەن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىنى باشقىلارغا ئۆگەتكەندە ئۆزى بىۋاستە بۇنى ياشاپ ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان. شۇنداقلا مۇئەللىملىككە تەيىنلىگەن ساھابىلەرگىمۇ ئۆزى ئۆگەتكەننى ئۆزى چوقۇم قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. چۈنكى قۇرئان ـ كەرىمدىكى «ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟» (سەپ سۈرىسى 2 ـ ئايەت) بۇنى تەلەپ قىلاتتى.

يەنە بۇ جەھەتتە قۇرئان ـ كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزگە خىتابەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ھەممە كىشىگە خىتابەن ئېيتىلغان سۆز ـ ھەرىكەت مېتودى بار بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىكى پۇزىتسىيىنى بەلگىلىگەن. ئۇ ئايەتلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

”پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.“ (نەھل سۈرىسى 125 ـ ئايەت)

”ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن...“ (ئال ـ ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت)

«ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.» (فۇسسىلەت 34 ـ ئايەت)

مىساللىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن نەسىھەتلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپىنىڭ ئۇلىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ پرىنسىپلارنى تۆۋەندىكىچە رەتكە تۇرغۇزۇش مۇمكىن:

- پەيغەمبىرىمىز تۇرمۇشتىكى ھەر قايسى ساھەدە بولغىنىدەك، مائارىپ جەھەتتىمۇ ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرغان، تەسلەشتۇرمىگەن. تەسلەشتۈرۈلگەن ئىشلارنىڭ ئىنسانلارنى زېرىكتۈرۈپ، بىزار قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىنسانلاردا بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن ئاساننى تاللاشنى تەۋسىيە قىلغان.

- خۇشخەۋەر بەرگەن، ئۈركۈتمىگەن، قىلمىغان. مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن ئۆگەتكەن، سۆيگۈنى ئۆگەتكەن. ”جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر. بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە كامىل مۆمىن بولالمايسىلەر“ (مۇسلىم، ”ئىمان“، 71 ـ 72) دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئىماننىڭ بىر نامايەندىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

• ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيە جەريانىدىكى ئاچچىقلىنىش، (ئوقۇغۇچىغا) تەن جازاسى بېرىشنى قاتتىق تەنقىت قىلغان. ئۆگىتىش جەريانىدا ئاچچىقلانغانلارنى "غەزەپلەنگەن چېغىڭلاردا جىم تۇرۇڭلار (سۈكۈت قىلىڭلار)" (ئىبنى ھەنبەل، 1-جىلد، 239) دەپ ئاگاھلاندۇرغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ سېلىشى ۋە ئۆگىنىشتىن رايى يېنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشتىن يىراق تۇرۇشنى تەكىتلىگەن. بىر ساھابىنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان سۆزى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: "مەن رەسۇلۇللاھتىنمۇ بەك گۈزەل تەربىيە بەرگۈچى مۇئەللىمنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم، كۆرمىدىم. ھېچقاچان ئازارلىمىدى، ئۇرمىدى، تىللىمىدى." (ئىبنى ھەنبەل، 5-جىلد، 447-448)

• ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەر خىل پەرقلىق تەرەپلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسلۇپتا ئەڭ مۇۋاپىق مەزمۇننى تاللاپ ئۆگەتكەن. ئوخشاش تېمىنى پەرقلىق كىشىلەرگە پەرقلىق ئۇسۇلدا ئۆگەتكەن. ھەر كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى، ئۆگەنگەننى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئۆگىتىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

• بەزىدە ئۇزۇن چۈشەندۈرسە، بەزىدە پەقەت ئۆزى قىلىپلا كۆرسەتكەن.

• سوئال سوراشقا ئۈندىگەن، سوئال سورىغۇچىلارنى، بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگۈچىلەرنى ۋە جاۋابلارنى تارقاتقانلارنى ماختىغان.

• دىققەت تارتىدىغان سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق ئۆگەنگۈچىلەردە قىزىقىش پەيدا قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۆگىتىدىغان مەزمۇننى ئۆگەتكەن.

• بىر مەزمۇننى تولۇق ئۆگىتىپ بولماي تۇرۇپ، يەنە بىر مەزمۇنغا ئۆتمىگەن.

• ئۆگەتكەندە ئاۋۋال ئاسان، ئاددى بولغىنىنى، ئاندىن كېيىن تەس، مۇرەككەپ بولغىنىنى ئۆگىتىپ، ئاساندىن تەسكە، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە قاراپ يول ئالغان.

• زۆرۈر بولغان تەكرارلاشلارنى قىلىپ تۇرغان.

ئومۇمەن، ئوقۇ-ئوقۇتۇش سىستېمىسىدا دىققەت قىلىدىغان بۇ پرىنسىپلارنى ھاياتىدا ئىجرا قىلغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە بۇ جەھەتتە ئەڭ گۈزەل ئۈرنەك بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

**ئىزدىنەيلى - ئۆگىنەيلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشتىكى پرىنسىپلىرىغا سىزنىڭ يەنە قوشۇمچە قىلىدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

## بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىمگە، مائارىپقا، ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىلىمنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇ-ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى ئىچىدە "ئوقۇش-يېزىش"نىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ زاماندا ساۋاتلىق كىشىلەر ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئۆگىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ يېزىلىپ خاتىرىلىنىپ ساقلىنىشى ئەلۋەتتە مۇھىم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئىلىم ئۆگىنىش ئەر-ئايال ھەر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر" دەپ ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ھەر مۇسۇلماننىڭ بىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئىنسان بولۇشنىڭ بىر مۇھىم تەلىۋى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە بۇ ھەقتە يول كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ئوقۇتۇشتا ئۆزى شەخسەن ئۈلگە بولغان. ئۇ چاغدىكى شارائىتلاردا بەزىدە ئۇلارغا بىۋاستە دەرس بەرسە، بەزىدە ئۇلارنىڭ يولدىشى ئارقىلىق ئىلىم ئۆگەتكەن، ئەر ساھابىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆيىگە قايتىپ ئايالىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆگىتىشنى تاپىلىغان.

ئۆزىنىڭ بىر "مۇئەللىم" سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىدە بىر مۇئەللىم، بىر رەھبەر ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مېتود، چۈشەنچە، ئەخلاق، ئىش-ھەرىكەت، قارشى تەرەپكە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى، سۆزلەش ئەدەب-قائىدىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇكەممەل ئۆرنەك بار.

## بۇ بابنى كۆزدىن كەچۈرەيلى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان-كەرىمدىكى قايسى ئايەتكە ئاساسەن ئۆزىنى "مۇئەللىم" دەپ سۈپەتلىگەن؟
2. ئوقۇ-ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى ماكان قەيەر ئىدى؟
3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر ۋەقەنى بايان قىلىڭلار.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىشىنى قانداق ئېلىپ بارغان؟
5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەريانىدا قايسى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغان؟

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋاتلىق بولۇشنى تەكتلىگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئەمەس؟

A) مەدىنە شەھەر دۆلىتى قانۇنىنى يېزىش

B) نوپۇس ئىستاتىستىكىسىنى يېزىش

C) قۇرئان-كەرىمنى يېزىپ كۆچۈرۈش

D) ھەر قايسى جايلارغا ئەلچى ئەۋەتىش

2. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا ئەمەل قىلغان پرىنسىپلاردىن ئەمەس؟

A) كىشىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى نەزەردە تۇتۇش

B) زۆرۈر بولغاندا تەكرارلاش

C) تەس بولغىنىدىن باشلاپ ئۆگىتىش

D) سوئاللارغا ئەھمىيەت بېرىشى

3.

• "ئىلىم ئۆگىنىش ئەر-ئايال ھەر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر."

• "ئىلىم خەزىنىدۇر، بۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى سوئال سوراشتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتى سىلەرگە بولسۇن. سوئال سورىغىلار، چۈنكى، سوئال سوراشتا 4 كىشىگە پايدا بار: سورىغۇچىغا، توغرىسىنى ئۆگەتكۈچىگە، ئاڭلىغۇچىغا ۋە بۇلارنى ياخشى كۆرگۈچىگە."

• "كىشى بىر ئىلىمنى تارقىتىشتىن ئۈستۈن سەدىقە بېرەلمەيدۇ."

• "ئاللاھىم، پايدىسىز ئىلىمدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن."

• "ئاللاھىم، مېنى ئىلىم بىلەن باي قىلغىن. ئەقىل ۋە يۇمشاقلىق بىلەن زىننەتلىگىن. يامانلىقتىن يىراق تۇرۇش بىلەن يۈكسەلدۈرگىن، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن گۈزەللەشتۈرگىن."

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردىن قانداق يەكۈن چىقمايدۇ؟

A) ئىلىم ئەر-ئايال ھەممە كىشى ئۈچۈن قىممەتلىك.

B) سوئال سوراش ياخشى ئىش ئەمەس.

C) ئىلىمنىڭ پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش كېرەك.

D) ئىلىم ئىنساننى ھەقىقىي بايلىققا ئېرىشتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەكرارلاش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

## 1 ـ باب

1. A, 2. B, 3. C, 4. D, 5. C, 6. D

## 2 ـ باب

1. A, 2. C, 3. B, 4. A, 5. D, 6. C, 7. D, 8. D, 9. A, 10. C

## 3 ـ باب

1. C, 2. A, 3. D, 4. D, 5. C, 6. D, 7. D

## 4 ـ باب

1. B, 2. D, 3. C, 4. C, 5. D, 6. D

## 5 ـ باب

1. C, 2. A, 3. D, 4. B

## 6 ـ باب

1. D, 2. C, 3. B

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


Algül, Hüseyin, *Âlemlere Rahmet Hz. Muhammed*, Ankara 1994.

Algül, Hüseyin, *İslâm Tarihi*, I, İstanbul, 1986.

Azam, Abdurrahman, *Rasûl-i Ekrem'in Örnek Ahlâkı*, çev. Hayreddin Karaman, İstanbul 1971.

Belazuri, *Ensabü'l- Eşraf*, Kahire, 1959.

Bilgin, Beyza, *İslâm ve Çocuk*, TDV Yayınları, Ankara 1997.

Bozkurt, Nahide, *Siyer (Hz. Muhammed'in Hayatı)*, İmam Hatip Liseleri Ders Kitabı, MEB Devlet Kitapları, Ankara 2003.

Buhari, *Sahih*, Çağrı Yayınları, İstanbul, 1992.

Çağatay, Neşet, *İslâm Öncesi Arap Tarihi ve Cahiliye Çağı*, Ankara 1982.

Derveze, İzzet, *Kur'an'a Göre Hz. Muhammed'in Hayatı*, I-III, çev. Mehmet Yolcu, İstanbul 1998.

Dikici, Recep, *İki Cihan Güneşi Hz. Muhammed Aleyhisselam*, İstanbul 1984.

Diyanet İlmi Dergi-*Peygamberimiz Hz. Muhammed (sav)*-Özel Sayı-, Ankara 2000.

*Doğuştan Günümüze Büyük İslâm Tarihi*, I, Redaktör, Hakkı Dursun Yıldız, İstanbul 1986.

Ebu Gudde, Abdülfettah, *Bir Eğitimci Olarak Hz. Muhammed ve Öğretim Metotları*, çev. Enbiya Yıldırım, İstanbul 1998.

*Gelişim ve Öğrenme Psikolojisi*, Edit. Binnur Yeşilyaprak, Pegema Yayınevi, Ankara 2003.

Güçlü, Nezahat, "Zaman Yönetimi", *Eğitim Yönetimi Dergisi*, Yıl:7, Sayı:25, Kış 2001.

Günaltay, Şemsettin, *İslâm Öncesi Araplar ve Dinleri*, Sadeleştirenler: M. Mahfuz Söylemez-Mustafa Hizmetli, Ankara 1997.

Halil, İmadüddin, *Muhammed Aleyhisselam*, Konya 2003.

Hamidullah, Muhammed, *İslâm Peygamberi*, I-II, İstanbul 1980.

Hasan, H. İbrahim, *Siyasî-Dinî-Kültürel-Sosyal İslâm Tarihi*, I, çev. İsmail Yiğit ve Arkadaşları, İstanbul 1985.

Heykel, Muhammed Hüseyin, *Hz. Muhammed'in Hayatı, I-II*, çev. Vahdettin İnce, İstanbul 2000.

Hizmetli, Sabri, *İslâm Tarihi*, Ankara 1999.

*Hz. Peygamberin Hayatından Davranış Modelleri*, Yayına Hazırlayan, Recep Kılıç, Ankara 1998.

İbn Abdirabbih, *el-Ikdü'l-Ferid*, c. IV, Beyrut, 1985.

İbn Hanbel, *Müsned*, I-IV, Çağrı Yayınları, İstanbul 1982.

İbn Hişam, *es-Siretü'n-Nebeviyye*, Kahire, 1999, c.II.

İbn Mâce, *Sünen*, Çağrı Yayınları, İstanbul 1992.

İbn Sa'd, *et-Tabakatü'l-Kübra*, c.I, Beyrut, 1985.

İbn-i Hişam, *Hz. Muhammed'in Hayatı (es-Siretü'n-nebeviyye),* çev. İzzet Hasan- Neşet Çağatay, Ankara 1971.

İbnü'l Arabi el-Maliki, *Sahihü't-Tirmizi Şerhi*, Kahire 1931.

İbnü'l-Esir, *el-Kamil fi't-Tarih*, Beyrut 1989, c.II.

*Kur'an-ı Kerim ve Açıklamalı Meali*, Türkiye Diyanet Vakfı (Heyet), Ankara 2000.

Müslim, *Sahih*, Çağrı Yayınları, İstanbul 1992.

Özaydın, Abdülkerim, "Arap" *Türkiye Diyanet Vakfı İslâm Ansiklopedisi*, III, 321-324.

www.uyghurkitap.com

Özaydın, Beyza - Mualla Selçuk, *Din Öğretimi*, Gün Yayıncılık, Ankara 1999.

Özbek, Abdullah, *Bir Eğitimci Olarak Hz. Muhammed*, Konya 1995.

Sarıçam, İbrahim, *Hz. Muhammed ve Evrensel Mesajı*, DİB. Yayınları, Ankara 2001.

Sarıçam, İbrahim, *İlk Dönem İslâm Tarihi*, Açık Öğretim Yayını 574, Eskişehir 1999.

*Seçme Hadisler*, DİB. Yayınları, Ankara 2000.

Şarkavi, Abdurrahman, *Özgürlük Peygamberi Hz. Muhammed,* çev. Muharrem Tan, İstanbul 1993.

Taberi, *Tarihü'l Ümem Ve'l-Müluk*, I-IV, İstanbul 1992.

Watt, W. Montgomery, *Hz. Muhammed Mekke'de*, çev. M. Rami Ayas-Azmi Yüksel, Ankara 1986.

Ya'kubi, *Tarihu Ya'kubi*, c. II, Beyrut tarihsiz.

Yiğit, İsmail - Raşit Küçük, *İmam Hatip Liseleri İçin Siyer*,1-2, İstanbul 1997.

www.uyghurkitap.com